بسم الله الرحمن الرحيم

HAKSEVER

# تەسرلىك ھېكايىلەر

5

نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى

**Haksever İslam Araştırma Merkezi**
**ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى**

| | |
|---|---|
| Redaksiyon | تەھرىر |
| **Habibullah KURBANİ** | **ھېبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Çevreyen | تەرجىمە قىلغۇچى |
| **Muhammed BİŞARET** | **مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت** |
| Kapak & Sayfa Tasarim | بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى |
| **Ziya KAŞGARİ** | **زىيا قەشقەرى** |
| Yayinci | نەشر قىلغۇچى ئورۇن |
| **Haksever İslam Araştırma Merkezi** | **ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |

**ISBN:** 978-625-00-0277-3
yayın adresi:
Maltepe mah. Davutpaşa cad. Güven iş merkezi c blok
no:83/3 iç kapi no:264 zeytinburnu / istanbul

2023 ـ يىلى 1 ـ ئاي

مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە.
ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ
رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئالاقىلىشىش ئادرىسى: Haksever090@gmail.com

## ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# تەسىرلىك ھېكايىلەر

## 5 ـ قىسىم

تەرجىمە قىلغۇچى

**مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت**

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 _ يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز........................................1
بايۋەچچە قىز........................................7
تالاق ھوقۇقى ........................................12
تويۇقسىز ئۆزگىرىش........................................16
سەدىقىنىڭ كارامىتى........................................21
قاتىل ھامان جازاسىنى تارتىدۇ ........................................26
مۇسىبەتتىن كېيىنكى ياخشىلىق ........................................29
يوشۇرۇلغان ھەقىقەت ........................................34
ئەمەلىي ئىش گەپ - سۆزدىن تەسىرلىكتۇر ........................................39
بىر ۋاخ تاماق ........................................41
تۆت دىرھەمگە تۆت دۇئا ........................................46
دادىنىڭ نەسىھىتى ........................................50
روھىي خاتىرجەملىك........................................54
زۇلۇم ئىگىسىنى تاپار........................................59
زۇلۇمدىن ساقلىنىڭلار ........................................64
زىياپەتتىن چىققان قازى ........................................67
ساراڭلار سوتى ........................................71

سوغۇق سۇ ........................................ 76
سېھىرلەنگەن ئايال ........................................ 80
سەۋرچان قىز ........................................ 85
قۇرئان سۆيگۈسى ........................................ 89
قۇرئانغا يوشۇرۇلغان پۇل ........................................ 94
قىزنىڭ بەرىكىتى ........................................ 99
كاۋاپ پىشۇرۇشنى بىلمىگەن ئايال ........................................ 105
ياۋروپالىق مۇسۇلمان دەۋەتچى ........................................ 109
مەسچىتكە تۇتاشقان ئارغامچا ........................................ 113
ھادىينىڭ شەيخ دوستى ........................................ 118
ھەدىنىڭ قۇربانلىقى ........................................ 124
ئاچچىقىڭىز كەلگەندە مۇنداق قىلىڭ ........................................ 128

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

«تەسىرلىك ھېكايىلەر» ناملىق بۇ يۈرۈشلۈك ئەسەر «قرآني جناتي» (قۇرئانىم جەننىتىم) ناملىق ئەرەبچە كارتون فىلىملەر قانىلىدىكى تەربىيەۋى خاراكتېرگە ئىگە، رېئال ۋە تەسىرلىك ھېكايىلەرنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت تەرىپىدىن بالىلارنىڭ تىلى ۋە تەپەككۇرىغا يېقىنلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە 2019 ـ ۋە 2020 ـ يىللىرى نۇر ئېكرانى (NUR TV) تەرىپىدىن ئاۋاز بېرىلىپ تارقىتىلغان، جەمئىي بەش قىسىم بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر كارتون رەسىملەر قىستۇرۇلغان ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان يۈرۈشلۈك كىتاب قىلىنىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

HAK HAKSEVER ھەقسۆيەر

# كىرىش سۆز

ھېكايە ــ مەلۇم بىر زامان ۋە ماكاندا، بىر ياكى بىرقانچە كىشىنىڭ ئەمەلىي ياكى توقۇلما ۋەقەلىكىنى بايان قىلغان بىر ياكى بىرقانچە بەتلىك قىسقا يازمىلاردىن ئىبارەت.

ھېكايە ــ بالىلار تەربىيەسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ تۇرمۇش ۋە مائارىپتا كەڭ قوللىنىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارمۇ پەرزەنت تەربىيەسىدە ھېكايىنىڭ رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن مىللەت. شۇڭلاشقا، كىچىكىمىزدە ئاتا ـ ئانىلىرىمىز، بوۋا ـ مومىلىرىمىز ئاخشاملىرى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇخلاش ئالدىدا بېشىمىزنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەر بىزنى ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، شېرىن خىياللار قايىنىمىغا تاشلايتتى. بىز ئەنە شۇنداق تۇيغۇ ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتۇق.

ئەمەلىيەتتە، مەزمۇنى ساغلام، تەسىرلىك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھېكايىلەر:

- بالىلارنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ؛ سۆزلۈك ئامبىرىنى بېيىتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ راۋان جۈملە قۇرۇش ئىقتىدارى يېتىلىدۇ. ھېكايىنىڭ بالىلارنىڭ تىلىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن كۆپ پايدىسى بار.

- باللارنىڭ چۈشىنىش ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ باشقىلار بىلەن نورمال ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.
- باللاردا ئىجادچانلىق روھى يېتىلدۈرىدۇ.
- باللارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىدۇ ۋە نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.
- باللارنىڭ ئىجادىي ۋە تەنقىدىي تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. باللار بۇ ئارقىلىق سوئال سوراش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئويلاپ چىقالايدۇ.
- باللىرىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ ھېكايە ئوقۇش ۋە ئاڭلاش باللىرىڭىزنىڭ قىزىقىشى ۋە قابىلىيىتىنى بايقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئۇلار بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك ھەم قويۇق ئالاقە ئورنىتىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ.
- باللارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

- بالىلار ھېكايىدىكى ھەرخىل پېرسوناژلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنى دورايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدۇ.
- بالىلارغا گۈزەل ئەخلاق سىڭدۈرىدۇ، ئەھمىيەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ.
- بالىلارغا ئەقىل ـ پاراسەت بېغىشلايدۇ، جاسارەت ۋە سەممىيلىك ئاتا قىلىدۇ.
- بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئەنئەنىلىرى ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ.
- بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.
- بالىلارنى تۈرلۈك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بولۇپمۇ ئوخشىمىغان خەلق ۋە مەدەنىيەتتىن كەلگەن ھېكايىلەر ئۇلارنى دۇنيانى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.
- بالىلار قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ھېكايىدىكى ۋەقەلىكلەردىن قولغا كەلتۈرگەن ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن چىقىش يولى تاپالايدۇ، ھېكايە ئۇلارغا

ئـازاب ۋە خۇشـاللىقنىڭ ھاياتنىـڭ
ئايرىلمـاس بىـر قىسـمى ئىكەنلىكىنـى
ئۆگىتىــدۇ.

باللارنـى بۇگۇنـى ۋە كەلگۈسـىدە ئېھتىياجلىـق بولغان ئېسـىل ئىنسـانىي قىممـەت - قاراشـلار بىلـەن قوراللاندۇرىـدۇ.

- باللارنىـڭ روھىـي دۇنياسـىغا ئەخـلاق - پەزىلـەت، قىممـەت - قـاراش، توغـرا بولغـان غايـە - نىشـانلارنى سـىڭدۇرىدۇ.

ھېكايـە — باللار ئۇچۇن پەقـەت زوقلىنىـپ ئوقـۇپ قويىدىغان ياكـى ھـەۋەس بىلـەن ئـاڭلاپ قويىدىغـان بىـر كۆڭـۈل ئېچىـش پائالىيىتـىلا ئەمـەس، ئەكسـىچە ئىچىگـە كىرىـپ، ئۇنىـڭ ئىچىدىكـى قەھرىمانـلار بىلـەن بىرلىكتـە ياشـايدىغان ھاياتنىـڭ بىر پارچىسـىدۇر. باللار تەبىئىي ھالـدا، ياخشـى روللاردىكى قەھرىمانلارغا ھېسداشـلىق قىلىـدۇ؛ ئۆزىنـى شـۇلارنىڭ ئورنىغا قويىدۇ؛ ئۇلارنىـڭ ئۆزلىرىگە خاس كۆزىتىـش ئۇسـۇلى، ياشـاش شـەكلى ۋە كىشـىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنـى كۆزىتىـش ئارقىلىق، شـۇلارغا ئوخشـاش تەپەككـۇر قىلىشـقا ۋە شـۇلارغا ئوخشـاش ھېـس قىلىشـقا تىرىشـىدۇ؛ قەھرىمانلارنىـڭ دوسـتلىرى ئۇلارغىمـۇ دوسـتتەك، دۈشـمەنلىرى ئۇلارغىمـۇ دۈشـمەندەك تۇيۇلـۇ بېرىـدۇ؛ ئۇلارنىـڭ خۇشـاللىقىغىمۇ، قايغۇسـىغىمۇ جـور بولىـدۇ. ھەتتا باللار ئۇلارنىـڭ ئورنىـدا ئۆزلـىرى قـارار بېرىشـكە تىرىشـىدۇ. ئەسـلىدە بـۇ دېگەنلىرىمىـز پەقـەت باللاردىـلا ئەمـەس، چوڭلاردىمۇ كۆرۈلىدىغـان ئەھۋالـدۇر.

ھېكايـە — ئـەڭ ئۈنۈملـۈك بايـان تۈرلىرىدىـن بىرىـدۇر. ھېكايـە ئېيتىـش ئارقىلـىق ئـەڭ قىيىـن تېمىلارنىمۇ ئاسـانلا چۈشـەندۈرگىلى،

باللارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، باللارنىڭ ھەتتا چوڭلارنىڭ تەبىئىتىگىمۇ چۈشىنىش ۋە ئىدراك قىلىشتا ئابستراكت، قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن بەكرەك، كونكرېت پىكىرلەرنى ئاڭلاش مايىللىقى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھېكايىدە پىكىرلەر كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ، چۈشىنىش ئاسانلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ھېكايە ئارقىلىق ئۇقۇملار زېھنىمىزدە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئېسىمىزدە ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئوچۇق ھەقىقەتلەر ۋە ئابستراكت چۈشەنچىلەر ھەم ئىتتىك ئۇنتۇلىدۇ، ھەم ئەقلىمىزنى چارچىتىپ، دىققىتىمىزنى چېچىۋېتىدۇ.

ھېكايە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش دىنىي تەربىيەگە نىسبەتەنمۇ كەلگۈسى ئەڭ پارلاق بولغان ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر. بىراق، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرى، باللار ھېكايىلىرى بىزنىڭ مىللىي خاسلىقىمىزغا يات، دىنىمىز ۋە قىممەت - قاراشلىرىمىزغا خىلاپ بولماسلىقى كېرەك.

قولىڭىزدىكى «تەسىرلىك ھېكايىلەر» ناملىق بۇ كىتاب بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان يۈرۈشلۈك ھېكايىلەر توپلىمى بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى روھىيىتى قاغجىراپ، مەنىۋى تەشنالىقى كۆنسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار دەپ قارىلىپ تەييارلاندى. كىتابتىكى ھېكايىلەر رېئال دۇنيادا يۈز بەرگەن، ساپلىق ۋە چىنلىققا ئىگە ۋەقەلىكلەر بولۇپ، باللارنى ساغلام ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن، ئالىيجاناب ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھېكايىلەردە ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلەر، مەشھۇر سۇلتانلار،

ئۆلىمالار، قازى ـ قوزاتلار، ساخاۋەتچى، ئاقكۆڭۈل، ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرى قىزىقارلىق كارتون رەسىملەر بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بالىلارنىڭ ھەتتا چوڭلارنىڭمۇ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ، بالىلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرىدۇ.

ئاللاھتىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان بۇ ئاددىي خىزمىتىمىزنى ھەممەيلەنگە مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ئىمانلىق، گۈزەل ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، يارامىلىق يېتىشىپ چىقىشىنى تىلەيمىز. شۇنداقلا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر ئائىلىگە كىرىشى ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

**مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت**

# بايۋەچچە قىز

نامرات ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەكرەم ئىسىملىك، ئەخلاقلىق بىر يىگىت بار ئىدى. ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تاغىسى باشپاناھ بولۇپ، ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇتتى. ئۇ كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىقى كەسپىنى لاياقەتلىك پۈتتۈردى. ئۆز ئالدىغا ئىلغار سىستېمىلارنى يېزىش، ھەر خىل يۇمشاق دېتاللارنى ياساش، كومپيۇتېر رېمونتچىلىقى دېگەندەك ئىشلارنى بىمالال قىلالايدىغان بولدى.



لېكىن، ئۆز شەھرىدە ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەملىشىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىدى.

بىر كۈنى ئەكرەمنىڭ كونا دوستى ئۇنىڭغا ئۇنىۋېرسىتېتتىكى مەلۇم بىر قىز ساۋاقدىشى بىلەن ئۆيلىنىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. قىز سەل چاكىنىراق بولسىمۇ، ئەكرەم ئاستا - ئاستا يېتەكلىۋېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار مۇناسىپ بىر ۋاقىتنى تاللاپ، يۈز

كۆرۈشتى. ئەكرەم قىزغا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. قىز تولىمۇ ھاكاۋۇر بولۇپ، يىگىتنىڭ ئۇستىباشلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، مەنسىتمىگەن ئاھاڭدا:



– سىز بىلەن توي قىلسام، مېنى قانداق باقىسىز؟ بىز قانداق تۇرمۇش كەچۈرىمىز؟ ئەڭ ياخشىسى سىز ئۆزىڭىزگە ئوخشاش نامرات بىرەر قىزنى تېپىۋېلىڭ! – دېدى.

قىزنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەكرەمگە گويا چاقماق چاققاندەك تۇيۇلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن كەمتەر بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ؛ ئۇ ئۆزىنى كىچىك كۆرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە چوڭ كۆرۈنىدۇ؛ كىمكى تەكەببۇرلۇق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرىدۇ؛ گەرچە ئۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە كىچىك كۆرۈنىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئەسلەپ ئۆزىنى ئاران تەستە تۇتۇۋالدى.

بىر كۈنى ئەكرەم ياۋروپادىكى تاغىسىغا ئۆزىنىڭ كومپيۇتېر ساھەسىدىكى لايىھە ۋە پروگراممىلىرىنى ئەۋەتىپ بەردى. تاغىسى بۇلارنى كۆرۈپ ئەكرەم بىلەن ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەكرەممۇ بۇ ساھەدە پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، كەلگۈسىدە ياراملىق ئادەم

بولۇشقا بەل باغلىدى...

ئاردىن توپتوغرا بەش يىل ئۆتتى.

بىر كۈنى مەزكۇر بايۋەچچە قىز شەھەردىكى چوڭ بىر سودا سارايىدا بازار ئايلىنىۋېتىپ ئەكرەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بايلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش بىلەن بىرگە، ئەكرەمنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە:

- ھەي، ئەھۋالىڭىز قانداق؟ - دېدى مەسخىرە قىلغان قىياپەتتە. يىگىت قىزغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەرمىدى. قىز يەنە توختىماي:

- مەن ناھايىتى قابىلىيەتلىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلغان ئىدىم. بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ ئايلىق مائاشى 3000 دوللار. سىزچۇ؟ سىز ئايىدا قانچە پۇل تاپالايسىز؟ - دېدى تولىمۇ تەكەببۇرانە قىياپەتتە.



ئەكرەم بۇ قىزنىڭ تېخى ئۆزگەرمىگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. ئۇلار شۇنداق تۇرغاندا قىزنىڭ يولدىشى كېلىپ، ئەكرەمنى كۆرۈپ ھۆرمەت بىلەن:

- خوجايىن، سىزمۇ بۇ يەردە ئىكەنسىز - دە! - دېدى. ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئايالىغا قاراپ:

- بۇ يىگىتنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ بۇ بىزنىڭ شىركەتنىڭ

خوجايىنى، ــ دەپ ئەكرەمنى ئىبغىزى ـ ئىبغىزنىغا تەگمەي ماختاپ، تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

قىز نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ قېتىپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىر نەرسىلەرنى دەپ ئۆزىنى چۈشەندۈرگۈسى بولسىمۇ، بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ئاغزىغا گەپ كەلمەيۋاتاتتى. يىگىت ئىسىل كىيىنگەن ھىجابلىق ئايالى ۋە ئوماق ئوغلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ بۇ تاغامنىڭ قىزى، مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ. بۇ بولسا ئوغلۇم. ئايالىمنىڭ ياردىمى ۋە دۇئاسى بىلەن بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق. ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:



﴿بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەن نەرسىلىرىڭ ھەققىدە ئالدىراپ باھا بەرمە!). (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ) قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەققەتەن سوئال قىلىنىدۇ. سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە گىدەيگىنىڭ بىلەنمۇ ئېگىزلىكتە) تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى قەبىھ بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياماندۇر﴾[1].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە

1) ئىسرائىل سۈرىسى، 36 ـ 38 ـ ئايەتلەر.

زەررىچە كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»[2].

2) مۇسنەد ئەھمەد، 3947.

# تالاق ھوقۇقى

ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن ئۆزئارا جېدەللىشىپ قالدى. ئايالنىڭ



ئېغىزىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەتكەن بىر ئېغىز گەپ بىلەن بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ئىككىسىنىڭ جېدەل ـ ماجىرالىرى تازا ئەۋجگە چىققاندا، ئايال ئاچچىقىغا چىدىماي يولدىشىدىن سۆز تەلەپ قىلدى...

بۇنى ئاڭلىغان ئەر دەرغەزەپ بولۇپ، يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ، ئۈستىگە مۇنۇ قۇرلارنى يېزىشقا باشلىدى:

«مەن پالانىنىڭ ئوغلى پالان بولىمەن. ئەقىل ـ ھوشۇم ناھايىتى جايىدا. شۇنى ئېنىق ئېيتىمەنكى، مەن ئايالىمنى ياخشى



كۆرىمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى قەتئىي خالىمايمەن، قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئايالىمنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن. ئۇنى ھېچقانداق ئايالغا تەڭ قىلمايمەن. ئۇ

ئەبەدىلئەبەد مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ». 

ئەر خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ، ئايالىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا، سىرتقا چىقىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئايال خاتالىقنى ھېس قىلىپ، ئاچچىقى ياندى. يولدىشىدىن ئالدىراپ سۆز تەلەپ قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئايال گويا پاتقاققا پېتىپ قالغاندەك بىچارە ھالدا نېمە قىلىشنى، نەگە بېرىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە بۇنچىۋالا تېز يولدىشىدىن خېتىنى ئېلىپ، ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولاتتى.

ئايال ئىچى پۇشۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغان پەيتتە يولدىشى ئۆيگە كىردى ۋە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئايال يولدىشىنىڭ كەينىدىن كىلىپ ئىشىكنى چەكتى... ئەر غەزەپ بىلەن:



- نېمە ئىشىڭ بار؟ - دەپ ۋارقىرىدى. ئايال:

- ئۆتۈنۈپ قالاي، ئىشىكنى ئاچقان بولسىڭىز. بىرئاز پاراڭلاشقان بولساق، - دېدى پەس ئاۋازدا. ئەر ئويلىنىپ قالدى... بىردەمدىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتى. ئايال ناھايىتى غەمكىن ئىدى.

- بىرەر ئۆلمادىن سوراپ باققان بولسىڭىز. مەن ئۇ گەپلەرنى قەستەن دېمىگەن ئىدىم. ئەمدى دېگەنلىرىمگە پۇشايمان

قىلىۋاتىمەن. ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويىدۇم، ـ دېدى ئايال ناھايىتى قايغۇرغان ھالدا.

ئايال كونۋېرتنى ئېچىپ، خەتنى ئوقۇپ باقمىغاچقا، كۆڭلىدە يولدىشىم مېنى تالاق قىلىۋەتتى، دەپ ئويلايتتى.

ـ سىز راستتىنلا پۇشايمان قىلدىڭىزمۇ؟ ـ دېدى ئەر ئايالىنىڭ قايغۇلۇق چىرايىغا قاراپ.

ـ ھەئە، ئاللاھ گۇۋاھ بولسۇنكى، مەن ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلدىم، ـ دېدى ئايال بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ.

ئەر ئايالىغا ئاۋۋال كونۋېرتنى ئېچىپ، يازغان خەتلەرنى ئوقۇپ بېقىپ، ئاندىن قارار چىقىرىشنى ئېيتتى. ئايال خەتنى ئوقۇپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. شۇ تاپتا ئايالنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمايۋاتاتتى... ئايال خۇشاللىقتىن يىغلاپ تۇرۇپ، ئېرىنىڭ قولىنى سۆيۈپلا كەتتى ۋە مۇنداق دېدى:



ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن كەچۈرگۈسىز گەپلەرنى قىلىپ، غەزىپىڭىزنى قوزغاپ قويغان ئىدىم. سىز مېنى تالاق قىلىشىڭىز ئورنىغا ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەرنى قىپسىز. بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ دىن ھە! دىنىمىز تالاق ھوقۇقىنى ئەر كىشىگە بېرىپ ناھايىتى ياخشى قىپتىكەن ئەمەسمۇ؟! ناۋادا بۇ ھوقۇق

ماڭا بېرىلگەن بولسا، مەن سىزنى شۇ چاغدىلا ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپ، كېيىن پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالاركەنمەن.

ئەر تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چىرايلىق سۆز سەدىقە بەرگەن بىلەن باراۋەردۇر» دېگەن[3]. يەنە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:



﴿بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن. شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾[4]؛ ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار). چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾[5].

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

3) سەھىھ ئىبنى خۇزەيمە، 1494.
4) ئىسرا سۈرىسى، 53 ـ ئايەت.
5) نىسا سۈرىسى، 19 ـ ئايەت.

# تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش

پاتىمە ناھايىتى ئەخلاقلىق ۋە دىيانەتلىك بىر قىز ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش جەريانىدا ئىسلامغا ئۇيغۇن كىيىنمەيدىغان بىر ساۋاقدىشىغا ئىزچىل چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ تۇردى. ساۋاقدىشى ئۇنىڭ تەسىرىدە بارا - بارا ياخشىلىنىپ، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا، تاشلىماي ئوقۇيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان، ھەدىس ۋە دۇئالاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يادلىۋالدى. ئۇ ھەمىشە ئائىلىسىدە پاتىمەنىڭ ياخشى گېپىنى قىلاتتى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئىنژېنېر ئاكىسى جەمىل پاتىمەگە غايىبانە قىزىقىپ قالدى. بىر كۈنى جەمىل پاتىمەنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلدى. پاتىمە يىگىتنىڭ قاراشلىرىدىن ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.





بىر كۈنى پاتىمە كۇتۇپخانىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى يىگىت تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ،

پاتىمەگە توي تەكلىپى قويىدى.

– سىزگە بىر سىرنى دەپ بېرەي، ئامانەت بولسۇن، ھېچكىمگە دېمەڭ، – دېدى پاتىمە جەمىلگە ئىشەنچ بىلەن. جەمىل ئامانەتنى ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.

– مەن شېكەر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم، – دېدى پاتىمە، – شۇڭا، بۇ ئەھۋالنى سىزگە ئالدىن دەپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئويلىنىپ بېقىڭ. مېنىڭ شۇنداق ئەيىبىم بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەرھەمەتلىك كىشىلەرگە ئاللاھ مەرھەمەت قىلىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە رەھىم – شەپقەت قىلىڭلار، ئاسماندىكى زات سىلەرگە رەھىم – شەپقەت قىلىدۇ»[6] دېگەن ھەدىسىنىمۇ ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

بۇ گەپلەر جەمىلنىڭ بېشىغا چاقماق چاققاندەك تۇيۇلدى. ئەتىسى يىگىت پاتىمە بىلەن ئۇچرىشىپلا مۇنداق دېدى:



– مەن ساپساغلام بىر يىگىت. ساغلام قىز بىلەن توي قىلىشنى، ساغلام پەرزەنت كۆرۈشنى خالايمەن. سىز شىپاسى يوق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپسىز. شۇڭا، مەن سىز بىلەن توي قىلالمىغۇدەكمەن.

جەمىل شۇنداق دېگىنىچە ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. پاتىمە

6) تىرمىزىي، 1923.

جەمىلنىڭ بۇنچىۋالا تېز ئۆزگىرىپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ قايغۇردى ۋە كۈندىن ـ كۈنگە سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا جەمىل ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ، ئۇنىڭ سىرلىرىنى يېيىۋەتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغانىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە ھۆكۈم قىلغان ئىش نېمىدېگەن ياخشى! ئاللاھ ھەقىقەتەن سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[7].

جەمىلنىڭ سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ پاتىمەنىڭ سىرىنى ساقلىمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى ئەسلىتىپ قويدى: «تۆت تۈرلۈك ئىش بار: قانداق ئادەمدە مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تېپىلسا، ھەقىقي مۇناپىق بولىدۇ. ناۋادا ئۇلاردىن بىرى تېپىلىپ قالسا، تاكى ئۇنى تاشلىمىغۇچە مۇناپىقلىقتىن بىر ئالامەت بولغان بولىدۇ: ئامانەت قويۇلسىلا خىيانەت قىلىش، سۆزلىسىلا يالغان سۆزلەش، ۋەدە قىلسىلا خىلاپلىق قىلىش، جېدەللەشسىلا ئېغىزنى بۇزۇش»[8].

پاتىمەنىڭ دادىسى قىزىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئۆمرە ھەجىگە ئېلىپ باردى. پاتىمە ئۆمرە قىلىش جەريانىدا ياشانغان بىر مومايىنىڭ ناھايىتى ئۇسساپ، قىينىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سۇ

7) نىسا سۈرىسى، 58 ـ ئايەت.

8) سەھىھۇلبۇخارىي، 34.

ئەكېلىپ بېرىپ، باشقا ئىشلىرىنىمۇ قىلىپ بەردى. موماي ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى. پاراڭلىشىش جەريانىدا ئىككىيلەن ئۆزئارا تونۇشۇپمۇ قالدى.



مومايىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ناھايىتى ئەخلاقلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. پاتىمە يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى قىزغا توي تەكلىپى قويدى. ئۇ پاتىمەنىڭ شېكەر كېسىلى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھېسداشلىق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار توي قىلىپ، ئوماق بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پاتىمە ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقدىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ پاتىمەنى كېسەل دەپ تاشلىۋەتكەن ئاكىسى جەمىل باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بالىسىنىڭ مېيىپ ئىكەنلىكىنى، يىگىتنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، ئايالىنىڭ بالىسى بىلەن كېسەل يولدىشىنى تاشلاپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋالغانلىقىنى ئاڭلىدى.



نېمىلا بولمىسۇن، پاتىمە ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇردى. قىز پاتىمەدىن ئاكىسىنى ئەپۇ قىلىشىنى ۋە شىپا تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ

قويۇشىنى ئۆتۈندى. پاتىمە ناھايىتى ئاق كۆڭۈل قىز ئىدى. يىگىتنىڭ شىپالىقى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جەملىنىڭ كېسىلى سەللىمازا ساقايدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە (يەنى جىنلارغا ۋە ئىنسانلارغا) يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت ئۆزۈڭلارنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن يېتىدۇ. ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدۇ. (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا - مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلالماس ئىدىڭلار). سىلەر مەيلى زېمىندا بولسۇن، مەيلى ئاسماندا بولسۇن، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا دوست ياكى مەدەتكار يوقتۇر﴾[9].

9) شۇرا سۈرىسى، 30 - ئايەت.

# سەدىقىنىڭ كارامىتى

يولدىشى ۋاپات بولۇپ، ئۈچ بالا بىلەن تۇل قالغان ئائىشە ئىسىملىك بىر ئايال بار ئىدى. باللارنىڭ چوڭى ئون ياشتا بولۇپ، يولدىشىدىن ئۇلارغا تىلغا ئالغۇدەك بىرەر نەرسە قالمىغان ئىدى.



ئائىشە يولدىشىنىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۇنىڭ مەلۇم بىر سودىگەردىن 10 مىڭ جۈنەي ئېلىشى بارلىقىنى بىلدى. ئائىشە ئادۋوكات ئىزدەپ، ئۇنىڭغا قەرز ھۆججىتىنى بەردى. ئادۋوكات مەھكىمىگە بېرىپ، سودىگەر ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. سودىگەر مەھكىمىگە چاقىرتىلدى. قازى چالا - پۇلا يېزىلغان بۇ ھۆججەتنىڭ سودىگەرنى سوتقا تارتىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىسپات بولالمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۈچ بالا بىلەن قالغان بۇ تۇل ئايالغا ياردەم قىلغۇسى كەلدى. سوت باشلىنىپ، قازى سودىگەرگە مۇنداق دېدى:

- بۇ ئايال ئۈچ بالا بىلەن يولدىشىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. سىزمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىسىز ۋە ئاللاھ ئالدىدا سوئال - سوراققا تارتىلىسىز. ئاللاھ بۇ ئايالنىڭ يولدىشىنىڭ سىزدە 10



مىڭ جىڭنەي پۇلنى بارلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. قىيامەت كۈنى سىزنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئۇستىڭىزدىكى قەرزنى ئادا قىلىۋېتىشتۇر. سىز بۇ ئايالنىڭ دەۋاسىغا قانداق قارايسىز؟

سودىگەر بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

- ماڭا بىر كۈن مۆھلەت بېرىڭ، مەن پۈتۈن ئېلىش - بېرىشلىرىمنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقاي، - دېدى. قازى سودىگەرنىڭ گەپ - سۆز ۋە چىراي - ئىپادىلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ دىيانەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى پەملىدى - دە:

- بولىدۇ، ئەتە كۆرۈشەيلى. لېكىن مەھكىمىدە ئەمەس، ئۆيۈمگە كېلىڭ، - دېدى.

ئەتىسى سودىگەر قازىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆيدە ئايال ۋە ئۇنىڭ ئۈچ يېتىم بالىسى ئولتۇراتتى. سودىگەر 10 مىڭ جىڭنەيگە يەنە 5000 جىڭنەي قوشۇپ بەردى ۋە قازىغا قاراپ:

- بەلكى بۇ ئايالنىڭ يولدىشى 5000 جىڭنەينى يېزىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. بۇنىمۇ بېرەي، - دېدى.

ئائىشە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى ۋە خۇشاللىقتىن سودىگەرگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، ھەققىدە خەيرلىك دۇئالارنى

قىلدى. ئاندىن بالىلىرىنى ئېلىپ، ئۆيىگە خۇشال - خۇرام ھالدا قايتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئائىشە ئۆيىدىن يەنە بىر پارچە ھۆججەت تاپتى. ئۇنىڭدا سودىگەرنىڭ زىممىسىدىكى قەرزنى ئاللىقاچان تۆلەپ بولغانلىقى يېزىلغان ئىدى.



ئائىشە ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ يەنە قازىنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. قازى سودىگەرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. سودىگەر قازىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، ھەممەيلەن ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ئالامىتىنى كۆردى. قازى تەبەسسۇم قىلىپ سورىدى:

- ئەي تەقۋادار كىشى! سىز قەرزنى ئاللىقاچان قايتۇرۇپ بوپتىكەنسىز، شۇنداقتىمۇ يەنە زىيادىسى بىلەن قايتۇرۇپسىز. نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ قويامسىز؟



سودىگەر مۇنداق دېدى:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇ كۈنى بەرگەن 15 مىڭ جۇنەيىنى خەتەرلىك بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان قىزىمنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىغان ئىدىم. سىزگە «ماڭا

بىر كۈن مۆھلەت بېرىڭ!» دېگەن كۈنى مەن قىزىمنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرىدىغان كۈن ئىدى. مەن شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «پۇل - ماللىرىڭلارنى زاكات بىلەن پاكلاڭلار، كېسەللىرىڭلارنى سەدىقە بىلەن داۋالاڭلار، بالايىئاپەتلەرگە دۇئا بىلەن تاقابىل تۇرۇڭلار»[10] دېگەن ھەدىسىنى ئېسىمگە ئالدىم - دە، ئاللاھقا: «ئەي ئاللاھىم! ئۆزۈڭ بىلىسەن. ئۇ تۇل ئايال يېتىم بالىلىرى بىلەن پۇل - مالغا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق ئىكەن. قىزىمنىڭ كېسىلىگە ئۆزۈڭ شىپالىق ئاتا قىلغىن، سەن ھەممىگە



قادىرسەن!» دەپ دۇئا قىلدىم. ئەتىسى قىزىمنى قايتا تەكشۈرتتۇق. قىزىق ئىش، قىزىم سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. بۇنىڭدىن دوختۇرلارمۇ ھەيران قېلىشتى. مەن ئاللاھقا كۆپ ھەمدۇسانا ئوقۇدۇم. كېچىسى قىيامدا تۇردۇم، كۈندۈزى روزا تۇتتۇم. ناۋادا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ماڭا قانداق ئېھتىياجى بولسا، مەن ئورۇنداشقا تەييار.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 تال دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ.

10) بەيھەقىي: «سۇنەن كۇبرا»، 6593.

ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر، ئاللاھ (مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى) بىلگۈچىدۇر. پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ﴾[11].

11) بەقەرە سۈرىسى، 261 - ئايەت.

# قاتىل ھامان جازاسىنى تارتىدۇ

ئىراقلىق بىر قاسساپ بار ئىدى. ئۇ قوي ـ كالىلارنى بوداپ، ئۆزى بوغۇزلاپ، پارچە ساتاتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە داۋاملاشماقتا ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ماشىنىسى بىلەن كېتىۋاتقاندا، يول بويىدا يېتىپ قالغان بىر ئايالنى كۆردى. قاسساپ ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئايال پىچاقلانغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا بىرقانچە كىشى يېتىپ كەلدى ۋە قاسساپتىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ئارقىدىنلا ساقچىلار كېلىپ ئۇنى تۇتتى. قاسساپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى، پەقەت ئۇ ئايالغا ياردەملىشىش ئۈچۈنلا ماشىنىسىدىن چۈشكەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن، ساقچىلار ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، تۈرمىگە قاماپ قويدى ۋە گۇمانلىق دەپ قاراپ، ئىككى ئايغىچە سوراق قىلىپ تۇتۇپ تۇردى. ئارقىدىنلا سوت كوللېگىيەسى تەرىپىدىن ناھەق ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئۇ دارغا ئېسىلىش ئالدىدا مۇنداق يالۋۇردى:



ـ ئۆلۈم ئالدىدا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپىم بار. سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار: مەن قاسساپچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن، فۇرات

دەرياسىدا كېمىچىلىك قىلاتتىم. كىشىلەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئاز ـ تولا تاپاۋەت قىلىپ تۇرمۇشۇمنى قامدايتتىم. بىر كۈنى كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك ساھىبجامال بىر ئايال كېمەمگە



ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈپ، ئارقىسىدىن ئۆيىگىچە باردىم ۋە ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قويدۇم. بىراق، ئۇ ئايال مېنى رەت قىلدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ھېلىقى ئايال بىر بالا بىلەن كېمەمگە ئولتۇردى. ئەسلىدە ئۇ توي قىلىپ بالىلىق بولغان ئىكەن. مەن نىيىتىمنى بۇزۇپ، ئۇ ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولدۇم، لېكىن ئايال قەتئىي قارشىلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. قايتا ـ قايتا ئۇرۇنۇپ باققان بولساممۇ، ئايال زادىلا بويسۇنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ بېشىنى سۇغا چۆكۈرۈپ تۇرۇپ ئايالغا تەھدىت سالدىم. ئايال گېپىمگە كىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، قارشىلىششقا باشلىدى. مەن بالىنىڭ بېشىنى سۇغا تېخىمۇ بەكرەك چۆكۈردۈم. ئايال يەنىلا گېپىمگە كىرمىدى. ئاخىر بالا تۇنجۇقۇپ



ئۆلدى. شۇ ھامان ئۇنى سۇغا تاشلىۋەتتىم. بۇ ئىش پاش بولۇپ

قالماسلىقى ئۈچۈن، بالىنىڭ ئانىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، دەرياغا تاشلىۋەتتىم. شۇ ئىشتىن كېيىنلا كېمىنى سېتىۋېتىپ، قاسساپچىلىق قىلدىم.

يول بويىدىكى پىچاقلانغان ئايالغا كەلسەك، ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم. سىلەر ئۇنىڭ ھەقىقىي قاتىلىنى تېپىشىڭلار كېرەك. بۇ



مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزگەن جىنايىتىمنىڭ جازاسى ئوخشايدۇ. مەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، قاتىل ھېچقاچان جازاسىز قالمايدىكەن، مەلۇم ۋاقىت يوشۇرۇلۇپ قالسىمۇ، ھامان جازاسىنى تارتىدىكەن.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىلمەيدۇ، يامانىنىڭ يامانلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ). ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز. (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾[12].

12) ئەنبىيا سۈرىسى، 47 ـ ئايەت.

# مۇسىبەتتىن كېيىنكى ياخشىلىق

ئەزىمەت ئىسىملىك ناھايىتى تەقۋادار بىر يىگىت بولۇپ، كىچىك بالىلارغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، توي قىلىپ، بالىلىق بولۇش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى.



ئۇ بىر قىز بىلەن ئۆيلەنمەكچى بولۇپ، ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتتى. قىز تەرەپ ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ئەزىمەت بەكمۇ خۇرسەن بولدى. توي چىقىملىرىنى جۆندەش ئۈچۈن ئىش ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىر مەلۇم بىر شىركەتنىڭ تۆۋەن مائاشلىق بوغالتىرى بولدى. قىز ئەزىمەتكە مەلۇم بىر ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنىڭ بوغالتىرغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ۋە يۇقىرى مائاش بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەزىمەت خۇشال بولۇپ، دەرھال شۇ شىركەتكە قاراپ يولغا چىقتى. يولنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بىر ماشىنا ئۇنى سوقۇۋەتتى. ماشىنىنى بىر قىز ھەيدىگەن ئىدى. ئەزىمەت ھوشىغا كەلگەندە، ئۆزىنى دوختۇرخانا كارىۋىتىدا كۆردى.

ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ، جىپسىلاپ تېڭىپ



قويۇلغان ئىدى. ئەزىمەت شۇ ھامان: «بىز ئاللاھقا مەنسۇپتۇرمىز، ئاللاھ تەرەپكە قايتقۇچىلارمىز» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئەزىمەتنىڭ يېنىغا چىرايلىق بىر قىز بىر دەستە گۈل كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە ئەزىمەتكە:

ـ مېنى كەچۈرۈڭ! سىزنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىڭىزغا مەن سەۋەبچى بولدۇم. سىز يولدىن كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، ماشىنىنى تورمۇزلاپ ئۈلگۈرەلمىدىم، ـ دېدى خىجىل بولغان ھالدا.

ئەزىمەت توي قىلماقچى بولغان قىزنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى. قىز دەرھال دوختۇرخانىغا كەلدى ۋە ئەزىمەتنىڭ ھالىنى كۆرۈپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، كەينىگە ئۆرۈلگىنىچە چىقىپ كەتتى...




بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئەزىمەتنىڭ تېلېفونىغا قىسقا ئۇچۇر كەلدى:

«كەچۈرۈڭ، مەن سىز بىلەن تۇرمۇش قۇرالمىغۇدەكمەن. ماڭا بىرى توي تەكلىپى قويۇپ كەلدى. ئاتا ـ ئانام مېنى شۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قىستىدى».

ئەزىمەت بۇ خەتلەرنى ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتقان شوپۇر قىز ئەزىمەتكە قاراپ، ئېچىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، دوختۇرلار ئەزىمەتنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقتا مېڭىشىغا رۇخسەت قىلدى. شوپۇر قىز ئەزىمەتتىن ئايرىلماي، ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. ئەزىمەت قىز بىلەن ئۆيىگە كەلگەندە، ئوغلىنىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرگەن ياشانغان ئانا مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇمغا رەھمەت قىلغىن. ئۇ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالدى، لايىقمۇ تاشلاپ كەتتى، ئوغلۇمنىڭ بىر پۇتى باسماس بولۇپ قالدى».



ئەزىمەت ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ:

ــ ئانا! قايغۇرماڭ، بەلكى بۇنىڭدىمۇ بىر ھېكمەت باردۇ، ــ دېدى.

شوپۇر قىز ئەزىمەتنى ھەر كۈنى دېگۈدەك يوقلاپ تۇراتتى. بۇ جەرياندا ئەزىمەتنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. ئاردىن ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئەزىمەت يول يۈرەلىگۈدەك بولدى. دوستلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭغا بۇرۇن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىزنىڭ ئۇنىڭغا ۋاپا قىلماي، ئالىلقاچان قوشنىسىنىڭ ئوغلى بىلەن توي قىلىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەزىمەت بىر كۈنى گېزىت ئوقۇۋېتىپ، ئالتە ئاي ئىلگىرى ئۆزى ئىزدەپ بارماقچى بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ ۋەيران بولغانلىقىنى بىلدى. ئەزىمەت ئۆزىگە كەلگەن بۇ مۇسىبەتتە ياخشىلىق بارلىقىنى بىلىپ، ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتتى.

بىر كۈنى ئەزىمەت شوپۇر قىزغا توي تەكلىپى قويماقچى بولدى - يۇ، رەت قىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ ئېغىز ئاچالمىدى. دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەزىمەت قىزنىڭ:



- مېنىڭ ئايالىڭىز بولۇپ، خىزمىتىڭىزدە بولۇشۇمغا قوشۇلامسىز؟ - دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- خالىسىڭىز بۇنىڭدىن كېيىن دادامنىڭ شىركىتىدە مۇدىر بولۇپ ئىشلەيسىز. پۈتۈن ئىشلىرىڭىز ئىشخانا ئىچىدە بولىدۇ. سىزدىن كۆپ ھەرىكەت قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

يىگىت قىزغا جاۋاب بەرمەيلا شۈكۈر سەجدىسى قىلدى ۋە بۇ ھېكمەتلىك ھادىسىدىن ھەيران بولۇپ، مۇنداق پىچىرلىدى:

ئەي ئاللاھىم! سەن نېمىدېگەن مېھرىبان ھە! ئەگەر شۇ ھادىسە يۈز بەرمىگەن بولسا، مەن ھېلىقى ۋاپاسىز، شەخسىيەتچى

قىز بىلەن توي قىلىپ، بەختسىز بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، خىزمىتىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىكەنمەن. مانا ئەمدى ناھايىتى ياخشى خىزمەت ھەم ساھىبجامال بىر قىز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان ھە: «بىر بەندىگە مۇسىبەت يەتكەندە: ‹بىز ھەقىقەتەن ئاللاھقا مەنسۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز. ئى ئاللاھ! ماڭا كەلگەن بۇ مۇسىبەتنى ساۋابقا ئايلاندۇرغىن، ماڭا بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشىراق نېمەت ئاتا قىلغىن!› دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ساۋاب ئاتا قىلىدۇ ۋە بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشىراق نېمەت بېرىدۇ».

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن، خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىقنىڭ خەزىنىسى يالغۇز سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەنمۇ ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن، (شۇنىڭ بىلەن كېچە كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ). جانلىقنى جانسىزدىن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن، ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن﴾[13].

13) ئال ئىمران سۈرىسى، 26—27 ـ ئايەتلەر.

# يوشۇرۇلغان ھەقىقەت

مەلۇم بىر ئەر ئايالىدىن ئاجرىشىپ، باشقا بىر ئايالغا ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئايالى ئۈچ ئايدىن بېرى يولدىشىنىڭ رۇخسىتىسىز سىرتلاردا قاتراپ يۈرۈۋاتقان ئىدى. ئەر ئاللىقانداق يامان گۇمانلارنى قىلىپ، كۆڭلى غەش بولاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى گۇمانخورلۇق ئەڭ يالغان سۆزدۇر» دېگەن ھەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى.

ئەر ئاجرىشىش قارارىنى بىلدۈرمەكچى بولغان كۈندە ئايال يولدىشىغا ناھايىتى مەززىلىك چۈشلۈك تاماق تەييارلىدى ھەمدە يولدىشىغا چوڭقۇر مېھىر ۋە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قارىدى. ئەر ئاجرىشىش قارارىنى كېچىكتۈرۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە دېمەكچى بولدى. بىراق، ئەتىسى ئەتىگەندە ئەر ئويغانغاندا ئايال ئاللىقاچان ئۆيلەرنى تازىلاپ بولۇپ، باللارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىغا ياردەملىشىۋاتاتتى.



ئەر شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئايالىغا ئۆزىنىڭ ئاجرىشىشنى قارار قىلغانلىقىنى ۋە باشقا بىر ئايالغا ئۆيلىنىش مەقسىتى بارلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ باللارنى ياخشى بېقىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايال بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ئەمما كۆزلىرىدىن لۆمۈلدەپ ياش ئېقىشقا باشلىدى.



ئەر ئايالىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ، ئاجرىشىش نىيىتىدىن يانىدى ۋە ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئايال تاماق تەييارلاپ ئوغلىنى دادىسىنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى، لېكىن دادا رەت قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەر ئىشقا بارماقچى بولۇپ ھۇجرىسىدىن چىققاندا، ئايالىنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئايال كېچىچە يىغلاپ چىققان بولۇپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن ئىدى.

ئايال ئاران تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ناشتىلىق تەييارلىدى، ئەمما ئەر ھېچ نەرسە يېمەيلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەر كەچتە ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ھۇجرىسىدا بىر پارچە خەتنى كۆردى.



خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى: «قەدىرلىك سىردىشىم! سىزنىڭ مەندىن ئايرىلىپ، باشقا بىر ئايال بىلەن توي قىلىش ھوقۇقىڭىز بار. بىراق، سىز ماڭا بالىلارنىڭ ئىمتىھانى تۈگەپ بولغۇچە بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىڭ!».



ئەر ئايالىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. بۇ بىر ھەپتە جەريانىدا ئايال دائىم يولدىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. نەتىجىدە، ئەر ئايالىنىڭ نەقەدەر ياخشى ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئەر ئويغىنىپ بولغۇچە ئايال ئۆيلەرنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ، رەتلەپ بولدى.

ـ سىز كېچىدىمۇ ئىش قىلامسىز؟ ھەر كۈنى ئويغانسام، ئۆي رەتلىك، پاكىز، ھەر ئىش ئۆز يولىدا تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن. سىز قايسى ۋاقىتتا ئۇخلايسىز؟ ـ دېدى ئەر ئايالىغا ھەيران بولۇپ.



ـ مەن پەقەت بەش سائەتلا ئۇخلايمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ خۇشاللىقىڭلار ۋە

بەختىڭلار ئۈچۈن، - دېدى ئايال مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

ئەرنىڭ قەلبى يۇمشىدى. ئۇ ئايالىنىڭ شۇنچىۋالا ۋاپادارلىقىنى كۆرۈپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ توي خاتىرە سۈرىتىنى ئىزدىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئالبومنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان بىر تېببىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۆرۈپ قالدى.

ئەر بۇ نەتىجىگە قاراپ ئايالىنىڭ ئەمچەك راكى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى - دە، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەي، تاشلاپ قويغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. ئەسلىدە ئۇ ئۈچ ئايدىن بېرى دوختۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ داۋالىنىۋاتقان بولۇپ، يولدىشىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەھۋالنى ئېيتمىغان ئىكەن.



ئەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ راستىنلا خاتالاشقانلىقىنى ۋە ئايالىنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى رەنجىتىپ قويغانلىقىغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالىدىن كەچۈرۈم سورىدى ۋە مەڭگۈ ئايرىلماي، بىرگە ياشاشقا ۋەدە بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئايال خۇشاللىقتىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە دەرھال شۈكۈر سەجدىسى قىلدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلەڭدىكىلەرگە ۋە كىشىلەرگە

گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار. بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر ۋە بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن) ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر، (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[14].

14) ھۇجۇرات سۈرىسى، 12—13 ـ ئايەت.

# ئەمەلىي ئىش گەپ - سۆزدىن تەسىرلىكتۇر

مەشھۇر مۇھەددىس ئابدۇغېنىي مەقدىسىي پەلەستىن تۈرمىلىرىنىڭ بىرىگە قامالغان ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئىبادەتگۆي كىشى بولۇپ، كېچىلىرى قىيامدا تۇراتتى، ئاللاھقا كۆپ يالۋۇرۇپ يىغلايتتى، دۇئا قىلاتتى. ئۇنىڭ يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن بولۇپ بىرقانچە كامېرداشلىرى بار ئىدى.



ئۇ بىر كۈنى كېچىسى ئادىتى بويىچە تاڭ ئاتقۇچە ئىبادەت قىلىپ، پۈتۈن بىر كېچە يىغلاپ، دۇئا قىلىپ چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە كامېرداشلارنىڭ ھەممىسى گۈندىپاينىڭ يېنىغا كېلىپ:

– بىزنى قويۇۋېتىڭ، بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان بولدۇق، بۇ ئالىمنىڭ دىنىغا كىردۇق، – دېيىشتى. گۈندىپاي ھەيران بولۇپ:

– نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭلار؟ ئۇ سىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدىمۇ؟ – دەپ سورىدى.

– ياق، ئۇ بىزنى ئىسلامغا دەۋەت قىلمىدى، پەقەت بىزگە قىيامەتنى ئەسلەتتى، بۇ دىنىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتتى، – دېيىشتى ئۇلار تولىمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى، ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ) ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ، تارقىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى جەملىيەلمەيدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەملەيمىز)، ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك) بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز، بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا گۇناھتا ئەزۋەيلىمەكچى بولىدۇ، ئۇ (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. كۆزلەر تورلاشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، ئىنسان بۇ كۈندە: قاچىدىغان جاي قەيەردە؟ دەيدۇ. ياق، (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر، بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان پۈتۈن ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ﴾[15].

15) قىيامەت سۈرىسى، 1 ـ 13 ـ ئايەتلەر.

# بىر ۋاخ تاماق

ھەمزە ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك يىگىت ئىدى. ئۇ نامرات ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولسىمۇ، نامراتلىق ئۇنىڭ تېبابەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇشىدىن توسۇپ قالالمىدى. ئۇ ھەر يىلى تەتىل مەزگىلىدە يېزىلارغا بېرىپ، ئۆيمۇئۆي، كوچمۇكوچا ئارىلاپ يۈرۈپ، كىيىم - كېچەك سېتىپ، ئوقۇش چىقىملىرىنى قامدايتتى.

بىر كۈنى مەلۇم بىر يېزا بازىرىدا ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتتى. ئۇ تېخى دەسلەپ قىلمىغان بولۇپ، يانچۇقىدا يېمەكلىك سېتىۋالغۇدەك پۇل يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل كەلگەن بىر ئۆيدىن يېگۈدەك بىر نەرسە سورىماقچى بولۇپ، ئاران تەستە ئىشىكنى چەكتى. ئۆيدىن ياش بىر قىز چىقتى. ھەمزە يېمەكلىك سوراشتىن خىجىل بولۇپ:



- ماڭا بىر ئىستاكان سۇ بېرەمسىز، بەك ئۇسساپ كەتتىم، - دېدى. ئەقىللىق قىز ئۇنىڭ قورسىقىنىڭمۇ ئاچلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆيگە كىرىپ، بىر ئىستاكان سۈت ۋە يېمەكلىك ئېلىپ چىقتى. ھەمزە قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن قىزغا:

ـ سىزگە قانداق جاۋاب قايتۇرسام بولار؟ ـ دېدى.

ـ ئانىمىز بىزگە «ياخشىلىق بەدەلسىز قىلىنىدۇ» دەپ ئۆگەتكەن ئىدى. شۇڭا، بۇنىڭغا بېشىڭىزنى قاتۇرماڭ. ھېچ ئىش قىلىپ بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ـ دېدى قىز.

ھەمزە قىزغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، قايتىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى ئېسىگە ئالدى:

«ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى باشقىلارغا ئەڭ كۆپ پايدىسى يەتكەن كىشىدۇر. مۇسۇلمانىنىڭ قەلبىگە خۇشاللىق بېغىشلاش، بېشىغا كەلگەن بىرەر كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋېتىش، قەرزىنى ئادا قىلىش، قورسىقى ئاچقانلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويۇش قاتارلىقلار ئاللاھقا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى ئەمەلدۇر».



ئايلار، يىللار ئۆتتى...

ھەمزە تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق شەھەردىكى مەشھۇر دوختۇرلاردىن بولۇپ قالدى. ھەمزىگە ياخشىلىق قىلغان ھېلىقى قىز توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى. ئائىلىسىدىكىلەر قىزنى شەھەر ئىچىدىكى مەشھۇر

دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ كېسىلىگە ئېنىق دىياگنوز قويالماي، ھەمزىنى چاقىردى. ھەمزە سىرتىرا قىزدىن بىمارنىڭ يېزىسىنىڭ ئىسمىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان



ھېلىقى قىزنىڭ يېزىسى ئېسىگە كېلىپ، بىردىنلا كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ۋە دەرھال بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى قىز ياتقان ياتاققا كىردى. دوختۇر ھەمزە ئاپئاق خالات كىيىۋالغان بولۇپ، قىزنى بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدى. ئۇ نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان ھېلىقى قىز ئىدى. دوختۇر ھەمزە پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بەل باغلىدى ۋە دەرھال تەكشۈرۈپ، داۋالاشقا تۇتۇش قىلدى.

ھەمزىنىڭ تىرىشىپ داۋالىشى نەتىجىسىدە قىزنىڭ كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. قىز دوختۇرخانىدىن چىقىش ئالدىدا ھەمزە ئۇنىڭ داۋالىنىش ھېساباتىنى ئىشخانىسىغا ئەكەلدۈرۈپ، ئاخىرىغا بىر قۇر خەت يېزىپلا قىزنىڭ ياتىقىغا ئەۋەتتى. قىزنىڭ داۋالىنىش چىقىملىرى ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، قىز ئۇنى بىر ئۆمۈر تۆلەپمۇ تۆلەپ بولالمايتتى. قىز تەرەددۇت بىلەن ھېسابات قەغىزىنى ئېچىپ قارىدى ـ دە، ئاستى تەرەپكە يېزىپ قويۇلغان مۇنۇ خەت ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى:

«پۈتۈن داۋالاش چىقىملىرى بىر ۋاخ تاماق بىلەن تۆلىنىپ بولغان».

قىز بۇنى چۈشىنەلمەي، گاڭگىراپ تۇرغان پەيتتە ھەمزە قىزنىڭ ياتىقىغا كىردى ۋە تەبەسسۇم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ مەن دوختۇر ھەمزە بولىمەن. ئۆز ۋاقتىدا سىزنىڭ يېزىڭىزغا نەرسە - كېرەك ساتقىلى بېرىپ، قورسىقىم ئېچىپ كەتكەندە، سىز ماڭا سۈت ۋە يېمەكلىك بېرىپ، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ قويغان ئىدىڭىز.



بۇنى ئاڭلىغان قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى ۋە قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھقا دۇئا قىلدى: «ساڭا يۈز مىڭلارچە شۈكرىلەر بولسۇن، ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! مەن ئەڭ قىيىنچىلىقتا قالغان ئېغىر كۈندە بۇ دوختۇرنى يېنىمغا ئەۋەتىپسەن. ياخشىلىق ھەرگىز يەردە قالمايدىكەن».

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ ئەھدىسىنى ئەرزىمەس نەرسىگە سېتىۋەتمەڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب سىلەر ئۈچۈن (پانىي دۇنيانىڭ نەرسىلىرىدىن) ئارتۇقتۇر. (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. سەۋر

قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز. ئەر - ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى سالىھ ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز. ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[16].

16) نەھل سۈرىسى، 95—97 - ئايەتلەر.

# تۆت دىرھەمگە تۆت دۇئا

دائىم مەستلا يۈرىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. بىر كۈنى دوست - يارەنلىرىنى چاقىردى ۋە خىزمەتكارىغا تۆت دىرھەمنى تۇتقۇزۇپ، مېۋە - چېۋە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.



خىزمەتكار يولدا كېتىۋېتىپ مەشھۇر زاھىد مەنسۇر ئىبنى ئەممارنىڭ: «كىمكى مەندەك غېرىپقا تۆت دىرھەم بەرسە، مەن ئۇنىڭغا تۆت قېتىم دۇئا قىلىمەن» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خىزمەتكار خوجايىنى بەرگەن تۆت دىرھەمنى ئۇنىڭغا بەردى. مەنسۇر ئىبنى ئەممار:

ـ ساڭا قانداق دۇئا قىلىپ قويۇشۇمنى خالايسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، خىزمەتكار مۇنداق دېدى:

ـ بىرىنچىدىن، قۇللۇقتىن ئازاد بولۇشنى خالايمەن؛ ئىككىنچىدىن، بۇ تۆت دىرھەمنىڭ ئورنىغا يەنە تۆت دىرھەم بولۇشنى خالايمەن؛ ئۈچىنچىدىن، خوجايىنىمنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى ۋە تەۋبە قىلىشىنى تىلەيمەن؛ تۆتىنچىدىن، ئاللاھتىن مېنىڭ، خوجايىنىمنىڭ ۋە سىنىڭ ھەممىدە پۈتۈن قەۋمىمىزنىڭ

گۆناھلىرىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەيمەن.



خىزمەتكار مەنسۇر ئىبنى ئەممارنىڭ دۇئاسىنى ئالغاندىن كېيىن، خوجايىنىنىڭ يېنىغا قايتتى. خوجايىن دەرغەزەپ بولۇپ:

— نېمانداق كېچىكىپ كېلىسەن؟ مېۋە - چىۋىلەر قېنى؟ — دېدى. خىزمەتكار خوجايىنىغا مەنسۇر ئىبنى ئەممار بىلەن بولغان ھېكايىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. خوجايىن ئاران دېگەندە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— قېنى دەپ باقە، بىرىنچى تىلىكىڭ نېمە بولدى؟

— قۇللۇقتىن ئازاد بولۇشۇمنى تىلىدىم.

— سېنى ئازاد قىلىۋەتتىم. سەن بۈگۈندىن كېيىن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئازاد بولدۇڭ. ئىككىنچى تىلىكىڭچۇ؟

— سىز بەرگەن تۆت دىرھەمنىڭ ئورنىغا يەنە تۆت دىرھەم بولۇشىنى تىلىدىم.

— مەن ساڭا تۆت دىرھەمنىڭ ئورنىغا تۆت مىڭ دىرھەم بېرەي. ئۈچىنچى تىلىكىڭچۇ؟

— ئاللاھتىن ساڭا ھىدايەت بېرىشىنى ۋە تەۋبە قىلىشىڭنى تىلىدىم.

خوجايىن شۇ ھامان كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى ۋە

HAKSEVER

قولىدىكى رومكىنى چېقىپ تاشلاپ مۇنداق دېدى:

ــ مەن تەۋبە قىلدىم. ئەمدى بۇ گۇناھنى ئىككىنچى قىلمايمەن. قېنى دېگىنە، ئوغلۇم! تۆتىنچى تىلىكىڭ نېمە ئىدى؟ ــ دېدى خوجايىن يىغلامسىراپ.

ــ مېنىڭ، سىزنىڭ ۋە پۈتۈن قەۋمىمىزنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى سورىغانتىم.

ــ بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر، ــ دېدى خوجايىن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن). شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾[17].

خوجايىن شۇ كېچىسى بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى: «سەن قولۇڭدىن كېلىدىغاننى قىلدىڭ. ئەمدى بىزمۇ ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىكنى قىلىمىز. ئاللاھ سېنىڭ، خىزمەتكارىڭنىڭ ۋە پۈتۈن قەۋمىڭنىڭ ھەممە مەنسۇر ئىبنى ئەممارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلدى...».

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت

17) غافىر سۈرىسى، 60 ــ ئايەت.

قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمەي قېلىشتىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار﴾[18].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن). ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)﴾[19].

18) زۇمەر سۈرىسى، 54 ـ ئايەت.

19) بەقەرە سۈرىسى، 186 ـ ئايەت.

# دادىنىڭ نەسىھىتى

سابىت ئىسىملىك سالىھ بىر كىشى بار بولۇپ، ئىككى بالىسى بار ئىدى. ئايالى مەلۇم بىر كېسەللىك تۈپەيلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بالىلارنىڭ پۈتۈن جاپاسى ئۇنىڭغا قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىككى ئوغلىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشتى. بالىلارنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىدىغان چاغدا دادىسى ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى ئىككى قىزنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئوغۇللار تويى قىلىدىغان قىزنى ئۆزىمىز تاللايمىز دەپ تۇرۇۋالدى.

سابىت ئوغۇللىرىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ياخشى تەۋسىيەلەرنى قىلىش بىلەن بىرگە تاللاش ھوقۇقىنى ئۆزلىرىگە بەردى. بالىلار ئۆزلىرى لايىق تاللىشىپ ئۆيلەندى، بىراق يېڭى كېلىنلەر سابىتقا قەتئىي ياقمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئوغۇللىرى ۋە كېلىنلىرى ئۈچۈن ئىزچىل خەيرلىك دۇئا قىلىپ تۇردى.

ئۇلارنىڭ تويى بولۇپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، سابىتنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ، ئاغرىپ يېتىپ قالدى. چۈنكى چوڭ ئوغلى ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن گۇناھتىن قورقمايدىغان ھەتتا نامازمۇ ئوقۇمايدىغان بولۇۋالغان ئىدى. كىچىك ئوغلى بولسا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئايالى بىلەن سىرتلارنى ئايلىنىپ، تۈن نىسپىدە قايتىپ كېلەتتى. كېسەلچان دادىسى بىلەن كارى بولمايتتى. سابىتنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ،

ئاخىر چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئائىلە شوپۇرى سابىتنى ھەر كۈنى مەسچىتكە ئاپىراتتى. بىر كۈنى دادا مەسچىتكە چىقىپ كەتكەندە، چوڭ ئوغۇلنىڭ ئايالى يولدىشىغا بىسىم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— دادىڭىز ھەر كۈنى بىزدىن سوراپمۇ قويماي، شوپۇرنى ئېلىپ مەسچىتكە كېتىدۇ، تولا يىغلاپ بىزنى بىئارام قىلىدۇ. مېنىڭ تۇغۇتۇم يېقىنلاپ قالدى. ئائىلە خىزمەتچىسىگە ھەم شوپۇرغا جىددىي ئېھتىياجىمىز بار. بۇ مەسىلىنى قانداق قىلىمىز؟

چوڭ ئوغۇل ئۇكىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن دادىسىنى ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە ئاپىرىۋېتىشنى قارار قىلىشتى. بۇ ھەقتە دادىسىغا بىر ئېغىزمۇ تىنمىدى. بىراق، زىرەك سابىت باللارنىڭ مۇئامىلىسى ۋە گەپ - سۆزلىرىدىن ئەھۋالنى پەملەپ قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېچىلىرى ناماز ئوقۇپ، كېسىلى ئۈچۈن شىپالىق تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلدى.

ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. بىر ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەيلا كېسىلى ياخشىلىنىشقا باشلاپ، ماڭالايدىغان بولدى. بىراق، ساقىيىپ قالغانلىقىنى ھېچكىمگە تىنمىدى. ئۇ ئۆزىگە ئائىت بارلىق شەخسىي مال - مۈلۈكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋاراقچىلارنى جەملەپ، بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىككى ئوغۇل دادىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ماشىنىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ مۇنداق دېيىشتى:

ــ دادا! چەتئەلدىن بىر مەشھۇر دوختۇر كەپتۇ. بىزگە سىزنىڭ ساقلىقىڭىز ئىنتايىن مۇھىم. سىز بىزگە كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاتا ــ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن ئىدىڭىز ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دادا جەننەتنىڭ ئەڭ ياخشى دەرۋازىسىدۇر (يەنى جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان ئەڭ مۇھىم كىشىدۇر). بۇ دەرۋازىنى يوقىتىپ قويۇش ياكى ساقلاپ قېلىش ئۆزۈڭلارنىڭ قولىدا» دېگەن ھەدىسىنى يادلاتقان ئىدىڭىز. شۇڭا، بىزمۇ ساڭا ياخشىلىق قىلايلى دەپ ئويلىدۇق.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇزۇن ماڭمايلا ياشانغانلار ساناتورىيەسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە دادىسىنى ئىدارىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، خۇشال ــ خۇرام ھالدا ئۆيىگە قايتىشتى. بۇ چاغدا سابىت ئالدىن تەييارلىقى بويىچە بانكىغا بېرىپ، ھەممە پۇللىرىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى ئوغلى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى سېتىۋېتىپ، پايتەختتىكى قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە ئۆيىنى سېتىۋالغان ئادەم كېلىپ، ئۆيىنى بىكارلاپ بېرىشنى ئېيتقاندا، ئۇلار قارشىلىق بىلدۈرۈپ سوقۇشۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىگىسى ساقچىغا مەلۇم قىلدى ۋە ساقچىلار كېلىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئاچكۆز ئاياللىرى بولسا ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋالدى ۋە «مال ــ بىساتىڭلار بولمىسا، بىز ھەرگىز يېنىڭلارغا قايتىپ كەلمەيمىز» دېيىشتى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ

ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر﴾[20].

20) سۈرە تەۋبە، 45 - ئايەت.

# روھىي خاتىرجەملىك

ئىلگىرى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دوختۇر ۋەدى پەتھى مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئىسكەندەرىيە شەھىرىنىڭ رەئىس دوختۇرخانىسى تېرە كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ كۆيۈك بۆلۈمىدە ئىشلەيتتىم. شۇ كۈنلەردە مەن مىسىردا ئەڭ چاقنىغان يۇلتۇزلاردىن بىرى ئىدىم. يەنە تېخى قوشۇمچە قىبتىي تىلى ئوقۇتقۇچىلىقى قىلاتتىم. ئىسكەندەرىيەدىكى «ئەزرا مەريەم چېركاۋى»دا ئۇستازلىق ۋەزىپەممۇ بار ئىدى.



دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەھەردىكى مەلۇم بىر چوڭ ئاشخانىغا ئوت كېتىپتۇ. يارىلانغانلار جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ئارقىلىق دوختۇرخانىمىزغا ئېلىپ كېلىندى. ماڭا تەقسىم بولغان كېسەل دەل ئاشۇ ئاشخانىنىڭ ئاشپىزى بولۇپ، يارىلانغانلار ئىچىدە شۇنىڭ يارىسى ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى ئېغىر دەرىجىدە كۆيگەن بولۇپ، ساق يېرى قالمىغان

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

ئىدى. بېشىمىزدىن ئۆتكەن تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ يىگىرمە تۆت سائەتكە قالماي ئۆلۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. لېكىن، مەن ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭغا دەسلەپكى تىببىي داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللاندىم، ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىنى بەردىم. بەدىنىدىكى كۆيگەن يەرلەرنى بىر قۇر تازىلاپ چىقتىم.



ئاشپەز ئەھۋالى بىرئاز ياخشىلانغاندا، مېنى ئۇزۇنغىچە ئويغا سالغۇدەك بىر گەپنى قىلدى:

— دوختۇر! مېنى داۋالايمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، ماڭا بېرىدىغان دورىلارنى باشقا ھەمراھلىرىمغا بېرىڭ. مەن ئاللاھقا ئىشىنىدىغان مۇسۇلمان ئادەم. بۇرۇن جەڭگىمۇ قاتنىشىپ باققان، جەڭدە ياردارلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىشىپمۇ بەرگەن. كۆيۈكنىڭ ئەھۋالىدىن ئاز - تولا خەۋەردارمەن. ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ. مەن بەرىبىر بىرقانچە سائەت ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىمەن. شۇڭا، مېنى داۋالايمەن دەپ ئاۋارە بولماي، باشقا ياردار ھەمراھلىرىمنى داۋالاڭ. ناۋادا ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي قالسام، ئاغرىق توختىتىش ئوكۇلى ئۇرۇپ قويسىڭىزلا بولىدى. مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. قۇرئان تىلاۋەت قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كېتىش مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم...

ئاشپەز ئۇستام شۇنداق دېگىنىچە ئالدىرىماي، تەرتىل بىلەن مۇڭلۇق قىرائەت قىلىشقا باشلىدى...

﴿مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىك چۈشۈردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (پەرىشتىلەردىن، جىنلاردىن، ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بولغان) قوشۇنلىرى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ (خەلقنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[21].

شۇنىڭدىن كېيىن مەن «ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى يوق قىلىپ، روھىي خاتىرجەملىك ۋە تەمكىنلىك ئېلىپ كەلگەن بۇ قۇرئان زادى قانداق كىتاب بولغىيدى؟» دېگەن سوئال ھەققىدە تولا ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە سېستىرا قىزدىن ئاشپەزنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. سېستىرا قىز ماڭا ئاشپەزنىڭ سۇ ۋە ئاغرىق توختىتىش ئوكۇلىدىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمىغانلىقىنى ھەمدە مۇڭلۇق ھالدا قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇپ جان ئۈزگەنلىكىنى ئېيتتى.



بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاشپەزنى قەتئىي خىيالىمدىن چىقىرالمىدىم ۋە ئۆز - ئۆزۈمدىن

21) فەتھى سۈرىسى، 4 - ئايەت.

سوراشقا باشلىدىم:

ـ ئۇ نېمىشقا ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىدۇ ياكى ئاشۇ قۇرئاندا بىرەر خاسىيەتلىك سىر بارمىدۇ؟! ئۇنىڭدىكى خاتىرجەملىك، تەمكىنلىك ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ نەدىن كەلگەندۇ؟! بارچە ئادەم ئۆلۈمدىن قورقسا، ئۇ ئۆلۈمنى ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ ئۆلۈمدىن قورقمايدىكەن ئەمەسمۇ؟! ئاشۇ قۇرئاننى ئېتىقاد قىلغان دىن زادى قانداق دىندۇ؟ ئۇنىڭ قولىدىكى ھېلىقى كىتابچۇ؟! ئۇنى ئوقۇغانسېرى شۇنچە خاتىرجەم بولۇپ قالىدىكەن ئەمەسمۇ؟!...



مەن شۇنداق خىياللار بىلەن قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىدىم. قۇرئاننى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر كىتاب بولماستىن، ئاللاھ نازىل قىلغان ئىنتايىن سىرلىق بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم.

مەن ئۇزۇن ئۆتمەي، ھېلىقى ئاشپەز سەۋەبلىك مۇسۇلمان بولدۇم. قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىنى ئۆگىنىپ، ئىمانىمنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ بىرقانچە يىللاردىن كېيىن، ئاشپەزنىڭ ماڭا دېگەنلىرىنى چۈشەندىم؛ ئاشپەزنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدىغان بولدۇم:

ـ ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن! گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن! ئۇنى ئەپۇ قىلغىن! قەبرىسىنى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدىن بىر باغچىغا ئايلاندۇرۇپ بەرگىن! ياخشىلىقلىرىنى تارازا ـ مىزاندا ئېغىر قىلىپ بەرگىن!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئاللاھتىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر. كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. (ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى)، سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (ھىدايەتنى ئازغۇنلۇقتىن ئايرىپ كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر كەلدى. كىمكى ھەقنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتسا ئۆزىگە پايدا، كىمكى ئۇنىڭدىن كۆز يۇمسا (يەنى باش تارتسا) ئۆزىگە زىيان. مەن سىلەرگە (ئەمەلىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان) كۆزەتچى ئەمەسمەن (پەقەت سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن)﴾[22].

22) سۈرە ئەنئام، 104 ـ 102 ئايەتلەر.

# زۇلۇم ئىگىسىنى تاپار

قاھىرە شەھىرىدە سەمىي ئىسىملىك بىر ئاقكۆڭۈل دوختۇر يىگىت بار ئىدى. بىر كۈنى بىر دەستە گۈل ئېلىپ، دوختۇرخانىغا ئۇستازىنى يوقلاپ باردى. ئۇستازىنى يوقلىغاچ، باشقا كېسەللەرگىمۇ تاتلىق - تۇرۇم تارقىتىپ ھەممەيلەننى خۇش قىلىش ئۈچۈن باشقا ياتاقلارغا كىردى. شۇ جەرياندا ئۇ بىر بوۋاينىڭ ئاغرىق ئازابىدىن ئېچىنىشلىق ۋايجانلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. يىگىت ئۇنىڭغا يىراقتىن سىنچىلاپ قارىدى. بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتاتتى.

سېستىرا قىز يىگىتكە چۈشەندۈرۈپ بوۋاينىڭ بىر يىلدىن بېرى داۋالىنىۋاتقانلىقىنى، ئاغرىق ئازابىدىن كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى ۋە يىگىتنىڭ بوۋايغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ:

- ئۇنى تونۇمسىز؟ - دەپ سورىدى. يىگىت قىزغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

- ھەئە، تونۇيمەن. بۇ ئادەم دادامغا ناھايىتى ئېغىر زۇلۇم سالغان. دادام مۇشۇ ئادەم سەۋەبلىك ئۆز يۇرتىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، دەرد - ئەلەم چېكىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئادەم يالغان قەسەم قىلىپ دادامنىڭ ئۆزگە ئۆيىمىزنى

سېتىپ بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە يالغان گۇۋاھچىلارنى تەييارلاپ، ئۆيىمىزنى تارتىۋالغان ئىدى. دادام ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ يالۋۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كاپىر بولسىمۇ مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھ ئارىسىدا ھېچقانداق پەردە بولمايدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئەسلەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئادەم دادامنى مەسخىرە قىلىپ، قاتتىق ھاقارەت قىلغان ئىدى. دادام شۇ ئىشتىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھەسرەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ئادەم يەنە ھوقۇق - مەنسىپى ۋە پۇل - مېلىغا ئىشىنىپ دادامغا ئوخشىغان نۇرغۇن كىشىلەرگە زۇلۇم قىلاتتى. دادام ناھايىتى تەقۋادار كىشى بولۇپ، ئاللاھقا كۆپتىن - كۆپ دۇئا قىلاتتى. ئەينى چاغدا بىز ئۆيىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىپ، بوۋىمىزنىڭ يېزىدىكى ئۆيىگە بېرىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدۇق. بىز ھەر دائىم: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ھامىيمىزدۇر» دەيتتۇق. مانا بۇ ئاللاھنىڭ زالىملارغا دۇنيادا بەرگەن جازاسىدۇر.

يىگىت سېستىرا قىزغا شۇنداق دېگىنىچە بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى. بوۋاي شېكەر كېسىلى، قان قېتىشىش كېسىلى، جىگەر كېسىلى، بۆرەك كاردىن چىقىش، قان بۇزۇلۇش قاتارلىق نۇرغۇن كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىدى. ئۇ يىگىتنى كۆرۈپلا مۇنداق دېدى:

- كەل ئوغلۇم! مەن ساڭا ۋە داداڭغا ئېغىر زۇلۇم سېلىپ، داداڭنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان ئىدىم. يەنە كۆڭلۈمگە ياقمىغان ھەرقانداق كىشىگە قىلچە ئارام بەرمەيتتىم. كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. ئىككى يىلدىن بېرى مەن كىشىلەردىن ناھەق

ئېلىشۋالغان پۇل ـ ماللارنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇم، ئەمما ھەممەيلەن رەت قىلدى ۋە مېنى ئادەم يوق يەرگە تاشلاپ قويۇشتى. بەختىمگە يارىشا ناتونۇش بىر كىشى مېنى دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ قويدى. مەن بىر يىلدىن بېرى مۇشۇنداق ئازاب چېكىۋاتىمەن. ئۆلۈمنى ھەرقانچە ئارزۇ قىلغان بولساممۇ، ماڭا ئۆلۈم كەلمىدى. ئۆز ۋاقتىدا مەن نۇرغۇن كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى ئىدىم. مانا ئەمدى ئۆزۈم شۇنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىمەن. بالىلىرىممۇ مېنى تاشلىۋەتتى. ئەمدىلىكتە ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۇۋالىغا قالدىم. بىردەممۇ راھەت ئالالمايمەن، ئاغرىق ئازابى مېنى قىيناپلا تۇرىدۇ. بۇرۇن قىلغان ـ ئەتكەن ئەسكىلىك ۋە زۇلۇملىرىمنى ئەسلەپ تەۋبە قىلىشىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھەر ھالدا ئەقىل ـ ھوشۇم جايىدا. بىراق، جىسمىم ۋە روھىم بەكلا ئازابلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاخىرەت ئازابىنىڭ دۇنيا ئازابىدىن نەچچە ھەسسە قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. شۇڭا، مەن تەۋبە قىلدىم...

بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يىگىت تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنداقتا، سىز ئاللاھقا چىن دىلىڭىزدىن تەۋبە قىلىڭ، گۇناھلىرىڭىزغا پۇشايمان قىلىڭ. ئىككىمىز سىزنىڭ ئۇۋالچىلىقىڭىزغا ئۇچرىغان ھەممەيلەننىڭ يېنىغا بىر ـ بىرلەپ بېرىپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سورايلى، رازىلىق ئالايلى. ئىشىنىمەنكى، ئۇلارمۇ سىزنىڭ بۇ ھالىڭىزنى كۆرسە، ئىچى ئاغرىپ سىزنى كەچۈرىدۇ.

بوۋاي بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىپ، ئىستىغپار ئېيتتى، بۇرۇن قىلغان پۈتۈن

HAKSEVER ھەقسۆيەر

گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلدى. ئاندىن دوختۇر يىگىت بىلەن بىرگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئادەملەرنىڭ قېشىغا بىر ـ بىرلەپ بېرىپ، ھەممىسىدىن ئەپۇ سورىدى ۋە ئۇلارنى رازى قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلاپ قالمىغىن، ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ. (بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل ـ ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) كىشىلەرنى (يەنى كۇففارلارنى) ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈندە) زالىملار: پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى، دەيدۇ. (ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى: بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ). ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنى (ھالاك قىلغىنىمىزدىن كېيىن) سىلەر ئۇلارنىڭ جايلىرىدا تۇردۇڭلار (ئۇلارنىڭ جايلىرىدىن ئىبرەت ئالساڭلارچۇ)، ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق مەلۇم بولدى. سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈردۇق (يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدۇق). ئۇلار ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۆمىنلەرگە) مىكىر ئىشلەتتى. ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ. ئاللاھنى پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن

غالىبتۇر، (دوستلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىدىن) ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر﴾[23].

---

23) ئىبراھىم سۈرىسى، 47 ـ ئايەت.

# زۇلۇمدىن ساقلىنىڭلار

ئائىلىسى ۋە قولۇم ـ قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئامراق، ياخشىلىقسۆيەر بىر يىگىت بار بولۇپ، يۇرت ـ مەھەللىدىكى ھەممەيلەنگە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەن ياشلاردىنمۇ نەسىھەتنى ئايىمايتتى.

بىر كۈنى ئىنىسىدىن مەھەللىدىكى بىرقانچە ياشنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىلمىسا، ئۇلارنىڭ ساغلاملىقى خەتەرگە ئۇچرايتتى ھەمدە قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىپ، جازالىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇ مەزكۇر ياشلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئۇلار يەنە بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى، جەننەت يولىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، دوزاخ يولىغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. يىگىت نۇرغۇن قېتىم نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى زەھەرلىك چېكىملىكتىن توسۇپ قالدى. ئاخىر ئۇلار بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ، كۆپىنچىسى ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلدى. ئۇلار يەنە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان بولدى ۋە جامائەت نامىزى ئۈچۈن مەسچىتكە چىقىشقا ئادەتلەندى.

شەھەردىكى زەھەرلىك چېكىملىك سودىگىرى ئېشىغا تويپا سالغان بۇ يىگىتنىڭ قىلغانلىرىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئازراق دەرس بېرىپ قويماقچى بولدى ـ دە، كەينىگە پايلاقچى سېلىپ قويدى. پايلاقچى بىرقانچە قېتىملىق كۆزىتىش جەريانىدا ئۇنىڭ داۋاملىق پۇل، قەغەز، ئەتىر، قۇرئان قاتارلىق نەرسىلەر سېلىنغان كىچىككىنە بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلدى.

يىگىت بىر كۈنى ئادىتى بويىچە مەسچىتكە كېلىپ، سومكىسىنى يېنىغا قويدى. ناماز باشلانغان ھامان ھېلىقى پايلاقچى ئۇنىڭ سومكىسىغا بىر خالتا خىروئىن سېلىپ قويدى. ئۇ ئاللىقاچان بىر دوستىغا ساقچى چاقىرىشنى ھاۋالە قىلىپ قويغان ئىدى.

يىگىت مەسچىتتىن چىقىشىغىلا ساقچىلار كېلىپ، ئۇنىڭ سومكىسىدىن ھېلىقى خىروئىننى چىقاردى. يىگىت خىروئىن سودىگىرىنىڭ ئۆزىنى قەستلىگەنلىكىنى بىلىپ، «ئاللاھ بىزگە يېتەر، سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم» دېدى.

ساقچىلار يىگىتنى قاماپ قويدى ـ يۇ، يىگىتنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدىغانلىقىغا ھېچكىم ئىشەنمىدى. زەھەرلىك چېكىملىك سودىگىرى بۇنى ئاز دېگەندەك، كوچا ـ كويلاردا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆسەك سۆز تارقىتىشقا باشلىدى.

زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى بىلەن ئاللاھ ئارىسىدا ھېچقانداق پەردە يوق ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي زەھەرلىك چېكىملىك سودىگىرى بىر قاتناش ھادىسىسىگە يولۇقۇپ، بىر قولىدىن ئايرىلدى ھەتتا پالەچ بولۇپ، چاقلىق ئورۇندۇققا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى

كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاساپىتىدىن بالىلىرىنىڭ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. ئۇ ئاخىر خاتالىقىنى تونۇپ، بالىلىرىنى ئېلىپ ساقچىخانىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقىنى، ھېلىقى خىرىدىن پارچىسىنى پايلاقچىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ سومكىسىغا ئۆزىنىڭ سېلىپ قويغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى.

شۇنىڭ بىلەن يىگىت تۈرمىدىن چىقتى... ساقچىلار ئۇنىڭ ئورنىغا خىرىدىن سودىگىرىنى تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇ شۇنچە مېيىپ تۇرۇپ، تۈرمىدە ئېغىر جاپا تارتىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان نۇرغۇن بىچارىلەرنىڭ ئۇۋالىغا قالغان ئىدى. يىگىت ئاللاھقا كۆپتىن ـ كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتتى ۋە زىيارەت قىلىپ كەلگەنلەرگە مۇنداق نەسىھەت قىلدى:

«زۇلۇمدىن ساقلىنىڭلار. زۇلۇم قىيامەت كۈنى زۇلمەتكە ئايلىنىدۇ. كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، مەزلۇملارنىڭ دۇئاسىدىن ساقلىنىڭلار. ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئارىسىدا ھېچقانداق پەردە يوقتۇر».

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾[24].

24) غافىر سۈرىسى، 60 ـ ئايەت.

# زىياپەتتىن چىققان قازى

شەيخ ئەلى تەنتاۋى «ھاجەتمەنلەرگە تاقالمايدىغان ئىشىك» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

جەمەتىمىزدىن دوكتور تاھىر تەنتاۋى بىر كۈنى بىزنى ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ بىر زىياپەتكە چاقىرتۋالدى.



زىياپەتكە جەمەتىمىزدىكى ھەممەيلەن تولۇق كەلگەن ئىدى. داستىخان ناھايىتى مول بولۇپ، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر، مېۋە - چېۋىلەر ۋە تاتلىق - تۈرۈملارغا تولغان ئىدى.

دەسلەپتە مەن بۇ يىغىلىشتا تۇغقانلار بىلەن جەم بولىدىكەنمەن دەپ كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالغان ئىدى. بىراق، ئۇلار بىلەن يېرىم سائەت ئولتۇرغاندىن كېيىن، گوياكى بىر مەنىۋى كۈچ مېنى «سورۇندىن ئايرىلىپ، سىرتقا چىق!» دېگەندەك بولدى - دە، ئولتۇرۇشتىن ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. ئۆزۈمدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى قەتئىي بىلەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلاردىن رۇخسەت سوراپ سىرتقا چىقماقچى بولدۇم. ئۇلار بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئۆز - ئۆزۈمدىن

ھەيران قېلىشۋاتاتتىم. ئۇلار ماڭا تاپا ـ تەنە قىلىشتى. مەنمۇ



ئۇلارنى بىسەرەمجان قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئەپۇ سوراپ سىرتقا چىقتىم.

تىرامۋايمۇ يېتىپ كەلدى. ئۆيۈم تىرامۋاي بېكىتىنىڭ ئالدىدىلا ئىدى. تىرامۋايغا چىقماقچى بولغىنىمدا، يەنە بىر غايىبانە كۈچ مېنى «تىرامۋايغا چىقماي، پىيادە ماڭ!» دېگەندەك تۇيغۇدا بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن پىيادە ماڭدىم.

كېچە قاپقاراڭغۇ، يوللار ناھايىتى جىمجىت ئىدى...

كېتىۋېتىپ يول بويىدا بىر بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان، يەنە بىر بالىسىنى قولىدىن چىڭ سىقىمدىۋالغان بىر ئايالنى كۆردۈم. ئۇ ئاللاھقا يىچىرلاپ دۇئا قىلىۋاتاتتى... يېقىنراق كېلىپ:

ـ سىڭلىم! سىزگە نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ دەماللىققا مەندىن بىرەر يامانلىق كېلىپ قالامدىكىن دېگەندەك ئۆزىنى قاچۇردى. ئاندىن ئۇستىباشلىرىمغا بىر



قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، مېنىڭ ياشتا چوڭ بىرى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، خاتىرجەم بولۇپ ئەھۋالىنى ئېيتتى.

ئەسلىدە ئايالنىڭ يولدىشى دۆلەت مەمۇرى ئىكەن. ئايالنى ئۇرۇپ، ئىككى بالىسى بىلەن ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغان بولۇپ،

ئۇنىڭ بۇ كىچىدە پاناھلانغۇدەك يېرىمۇ يوق ئىكەن. پەقەت مەلۇم بىر ئۆيىنىڭ ئادرېسىنىلا بىلىدىكەن - يۇ، قانداق بېرىشنى بىلمەيدىكەن.

شۇ چاغدا مېنىڭ مۇنۇ ھەدىس ئېسىمگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ بېشىدىن قىيامەت كۈنىنىڭ كۈلپەتلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ياپىدۇ».

مەن ئۇ ئايالنى بارماقچى بولغان ئۆيگە يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىمنى، ئەتە مەھكىمىگە بىللە بېرىپ، ئۇنىڭ يولدىشى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا ياردەملىشىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئايال ھېسداشلىقىمدىن تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى - دە، مۇنداق دېدى:




- مەن بىر بىچارە ئايال تۇرسام، قانداقمۇ قازىنىڭ يېنىغا بېرىپ دەۋايىمنى ئاڭلىتالايمەن؟ ئىككى ئېغىز گەپنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان مەندەك بىر ئاجىزە قانداقمۇ مەرتىۋىلىك قازىنىڭ ئالدىغا بارالىسۇن؟!

شۇ كۈنلەردە مەن شەھەرنىڭ قازىسى ئىدىم. ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:

- ئاللاھ دۇئايىڭىزنى ئىجابەت قىپتۇ. سىز ئۈۋالچىلىققا

HAKSEVER

ئۇچراپسىز. ئاللاھ بىلەن مەزلۇم ئارىسىدا ھېچقانداق پەردە بولمايدۇ. مانا، قازى ئالدىڭىزدا تۇرۇپتۇ. ئاللاھ سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىش ئۈچۈن مېنى مۇشۇ كېچىدە تۇغقانلىرىم بىلەن جەم بولغان سورۇندىن چىقىرىپتۇ. بۇ مېنىڭ كىملىك كارتوچكام. بۇنى ئېلىپ، ئەتە مەھكىمىگە كېلىڭ.



ئەتىسى ئەتىگەندە ئايال ئىككى بالىسىنى ئېلىپ مەھكىمىگە كەلدى. مەن ئۇنىڭ يولدىشىنى چاقىرتتىم. يولدىشى خاتالىقلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئايالىغا زۇلۇم قىلماسلىق ھەققىدە ۋەدىلەرنى بەرگەندىن كېيىن، ئايال ـ باللىرىنى ئېلىپ قايتتى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ رەھمىتىدىن كىشىلەرگە ئاچقان نەرسىنى ھەرگىز توسۇپ قالغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ رەھمىتىدىن توسقان نەرسىنى ئاللاھ توسقاندىن كېيىن ھېچ قويۇپ بەرگۈچى بولمايدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾[25].

25) فاتىر سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.

# ساراڭلار سوتى

يولدىشىدىن تۇل قالغان، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى شەھىدە ئىسىملىك بىر ئايال بار بولۇپ، تېخىچە بالىلىق بولمىغان ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغان كىشىگە قولى سىلاپ ئۆتكەن ھەربىر تۈكنىڭ باراۋىرىگە ساۋاب يېزىلىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئەسلەپ مەھەللىدىكى بىر يېتىم قىزنى بېقىۋالدى. شەھىدە ئۇنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەپ، چىرايلىققىنە چوڭ قىلدى.



قىز ئالىي مەكتەپنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پايتەختتىكى مەلۇم بىر مەكتەپتە بىر يىل پراكتىكا قىلغىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بېقىۋالغان ئانىسى شەھىدەدىن رۇخسەت سورىدى. شەھىدە ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، دۇئا - تىلەكلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

شەھىدە يالغۇز تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينىڭ ئاستىدا باققال دۇكىنى بار ئىدى. شەھىدە ئۇنىڭدىن قاچان نەرسە - كېرەك سېتىۋالسا،

ئۆيگىچە ئاچىقىپ بېرىدىغان بىر كىشى بار ئىدى. بىر قېتىم شەھىدە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى بۇيرۇتقاندىن كېيىن، ھېلىقى كىشى ھايال ئۆتمەيلا بۇيرۇتمىلارنى ئېلىپ كىردى. شەھىدە ھۆرمەت يۈزىسىدىن:



— بىرەر ئىستاكان قەھۋە دەملەي، ئىچەمسىز؟ — دېدى.

ئۇ كىشىنىڭ شەھىدەنىڭ بويىندىكى ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرگە كۆزى چۈشۈپ، قورسىقىغا جىن كىردى - دە، بۇنى تېپىلماس پۇرسەت بىلىپ:

— بولىدۇ، ئىچەي، — دېدى.

شەھىدە قەھۋە دەملەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە بويىندىكى ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرنى، ئىشكاپتىكى نەق پۇللارنى ئېلىپ بەدەر تىكىۋەتتى.

ئەتىسى قوشنىلار ئائىلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈك ھالدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ساقچىلارغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق قاتىلنى ئېنىقلاپ چىقتى.

قاتىل ئادۋوكاتلاردىن بىرىگە پارا بېرىپ، يالغان تېببىي ئىسپات ئېلىپ، سوتتا ئۆزىنى ساراڭ قىلىپ كۆرسەتتى. قاتىل بىرقانچە قېتىم سوتقا تارتىلغاندىن كېيىن، «ساراڭ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىپ، «ۋېلىسىپىتتا خوت يوق، ساراڭغا سوت...»

دېگەندەك قويۇپ بېرىلدى.

قاتىل بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئەركىن - ئازادە يۈرۈۋەردى. بۇ جەرياندا شەھەردە بېقىۋالغان قىز پىراكتىكىسىنى تاماملاپ، رەسمىي ئادۋوكاتقا ئايلاندى ھەمدە ئۆزىنى بېقىۋالغان بۇ ئالىيجاناب ئايالنىڭ دېلوسىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ سوتقا ئەرز قىلدى. قىزنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:



- ناۋادا قاتىل ساراڭ بولسا، نېمىشقا جەمئىيەتكە قويۇپ بېرىلدۇ؟ يەنە قايتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىماللىقى بولغان بۇنداق بىرى نېمىشقا ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىلمايدۇ؟ ئەگەر ئۇ ئەقىل - ھوشى جايىدا بىرى بولسا، بۇنداق كىشى جازاغا تارتىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟

جىنايەتچى جازالىنىشتىن قورقۇپ ساراڭلىق دەۋاسىدىن ۋاز كەچمەي، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا بېرىشنى تاللىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا يۆتكىۋېتىلدى. ياتاقتىكى ساراڭلار ئۇنىڭدىن:

- بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىپ قالدىڭ؟ - دەپ سورىدى.

جىنايەتچى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۆزگە ئىلمىغان ھالدا:

- مەن بىر قېرى مومايىنى ئۆلتۈرگەن ئىدىم. جازالىنىشلىق

ئۇچۇن ساراڭ بولۇۋالدىم، ــ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ساراڭلار ئۇنىڭ گېپىدىن تولىمۇ ھەيران قالدى ۋە ئۇلاردىن بىرقانچەيلەن:

ــ سەن قاتىل ئىكەنسەن، ئادەم ئۆلتۈرۈپسەن، سېنى جازالاش كېرەك. ــ دېيىشتى ــ دە، ئارغامچا تەييارلاپ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. قاتىلنى ھېچكىم قۇتقۇزۇۋالالمىدى.



ئەتىسى ئەتىگەندە ياتاقتىكىلەرگە تاماق تارقىتىشقا مەسئۇل گۈندىپاي كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈك ھالدا ياتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سورىدى. ياتاقتىكى ساراڭلار ھەممىسى بىردەك:

ــ بىز ئۆلتۈردۇق. ئۇ قاتىل ئىكەن. بۇنداقلارغا بىزنىڭ ئارىمىزدا ئورۇن يوق، شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق، ــ دېدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن،

كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن (شۇنىڭ بىلەن كېچە - كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)؛ جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى ۋە ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىيدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن ۋە ھايۋاندىن) چىقىرىسەن؛ ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن﴾[26].

26) ئال ئىمران سۈرىسى، 26—27 - ئايەتلەر.

# سوغۇق سۇ

بىر ئايال بالىلىرىغا ھېيتلىق كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر ھەشەمەتلىك سودا سارايىغا كىردى. دۇكان ئارىلاش جەريانىدا ئوغلىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، دۇكاندىكى بىر بالىلار كىيىمىگە مەيۈسلىنىپ قاراۋاتقان، تۇرقىدىن نامراتلىقى چىقىپلا تۇرىدىغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىتنى كۆردى ۋە يىگىتكە:

- ئوغلىڭىزغا خالىغان پاسوندىكى ئۆزى ياقتۇرغان كىيىمنى تاللاڭ. ئوغلىڭىز خۇشال بولسىلا، ھېساباتتىن خاتىرجەم بولۇڭ، - دېدى.

يىگىت ناھايىتى خىجىل بولۇپ، ئاغزىغا گەپ كەلمىدى - يۇ، ئوغلى «ئېلىپ بېرىڭ» دەپ يالۋۇرغان، ئەمما ئېلىپ بېرەلمىگەن كىيىمگە تىكىلىپ قاراپلا قالدى. ئايال ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، ئالماشتۇرۇپ كىيىشى ئۈچۈن، ئىككى يۈرۈش كىيىم ئېلىپ



ئوغۇلغا ھەدىيە قىلدى. ئوغۇل خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتمايلا قالدى. ئايال ئوغۇلنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ

خۇشال بولدى. يىگىت ئايالغا رەھمىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، سودا سارايىدىن ئايرىلىپ، ناھايىتى خۇشال ھالدا ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

ئايال كىيىملەرنىڭ پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن ھېساباتچى قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. بىراق، ئۇ قولىغا تۇتقۇزۇلغان بىر پارچە خەتتىن تولىمۇ ھەيران قالدى:



«بىزدە ئىنسانپەرۋەرلىككە ھەق ئېلىنمايدۇ. ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ياخشىلىقتۇر».

ئەسلىدە ئۇلارنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان دۇكان خوجايىنى كىيىملەرنىڭ پۇلىنى ئاللىقاچان كۆتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

يىگىت ياخشىلىقتىن تەسىرلەنگەن ھالدا ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، باشقىلارغا خۇشاللىق بېغىشلىيالايدىغان بىرەر ياخشى ئىش قىلىشنى ئويلىدى. ھەر كۈنى توكلانتقۇغا سۇ سېلىپ سوۋۇتقاندىن كېيىن، چىڭقىچۈش ۋاقتىدا تىرامۋاي بېكەتلىرىگە بېرىپ كىشىلەرگە ھەقسىز سۇ تارقاتتى. تىرامۋاي ئىچىدە ۋاگونمۇۋاگون كېزىپ



يۈرۈپ ئۇسسۇزلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردى.

بىر كۈنى يەنە ئادىتى بويىچە تىرامۋايدا سۇ تارقىتىۋاتقاندا،

قارىماققا كاتتىا سودىگەر ياكى ئەمەلدار سۈپەت بىر كىشى ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى:



– سىز نېمىشقا بۇنداق ھەقسىز سۇ تارقىتىسىز؟

– مەن ئادەتتىكى بىر ئىشچى. باشقا ئىش قىلىپ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ئويلىغان بولساممۇ، مائاشىم بەك تۆۋەن بولغاچقا، سۇ تارقىتىشتىن باشقا ئىش قىلالمىدىم. ھەر كۈنى كەچتە توۋلاتقۇغا ئەللىك قۇتا سۇ سېلىپ قويىمەن. ئاندىن ھەر كۈنى ئىشقا ماڭغاچ، ئۇسسۇزلارغا تارقىتىپ بېرىمەن. مۇشۇ ئىش ئارقىلىق بولسىمۇ ساۋابقا ئېرىشەي دەيمەن.

ئۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن كىشى يېنىدىكى ئىسىم كارتوچكىسىنى بېرىپ مۇنداق دېدى:



– ئەتە شىركىتىمگە كېلىڭ، مەن سىزدەك ئىشەنچلىك، ياخشى كىشىلەرگە بەكمۇ ئېھتىياجلىق. يا سىزنى بوغالتىرىم قىلىۋالارمەن. مائاشىڭىزنىمۇ يۇقىرى قىلىپ بېرىمەن. ياخشىلىق ئەسلا

يەردە قالمايدۇ.

يىگىت بۇ تاسادىپىي ئامەتكە خۇشال بولۇپ، ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانالار ئوقۇپ ئۆيىگە قايتتى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن، خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ). جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنسانلىنى ۋە ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىيدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن ۋە ھايۋاندىن) چىقىرىسەن، ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن﴾[27].

27) ئال ئىمران سۈرىسى، 26 ـ 27 ئايەتلەر.

# سېھىرلەنگەن ئائىلە

ناھايىتى ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك، سەرۋە ئىسىملىك بىر قىز ئادىل ئىسىملىك دىيانەتلىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ بەختلىك ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئىككى پەرزەنت ئاتا قىلدى. بالىلار ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئىدى.

ئۇلار توي قىلىپ 10 يىل ئۆتكەندە، ئادىلدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مىجەزى تولىمۇ چۇسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئاچچىقلىناتتى. ئۇسال مىجەزى سەۋەبلىك كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئائىلىدا ھېچقانداق خاتالىق بولمىسىمۇ، ئۇنى تىللاپ، ھاقارەتلەپ، زۇلۇم قىلاتتى.



سەرۋە يولدىشىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەردىن تولىمۇ ھەيران قالدى. ئەسلىدە ئۇ ناھايىتى باغرى يۇمشاق، ياخشى نىيەتلىك كىشى ئىدى. سەرۋە زادى نېمىنى خاتا قىلغانلىقى ھەققىدە كۆپ ئويلاندى. يولدىشىم مەندىن تەلەپ قىلغان بىرەر مۇھىم ئىشنى قىلمىغان ۋاقتىم بارمىدۇ؟ زادى قانداق خاتالىق ئۆتكەزگەندىمەن؟ دېگەنلەر ھەققىدە باش قاتۇردى.

ئۇ كېچە - كۈندۈز مۇشۇ ھەقتە ئويلاندى، ئەمما شۇنچە ئويلاپمۇ يولدىشىنى ئۇنچىۋالا ئەسەبىيلەشتۈرۈۋەتكۈدەك بىرەر سەۋەب تاپالمىدى. شۇنداقتىمۇ قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە قىلدى. بەزىدە چاقچاق قىلىپ، ئەركىلەپ، يېقىنلىق قىلدى. لېكىن، ئادىل سەرۋەگە داۋاملىق قوپاللىق قىلاتتى. كۈن ئۆتكەنسېرى سەرۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى سەرۋە بولغان ئىشلارنى بىر دوستىغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ قۇرئان كەرىمنى ياد بىلىدىغان قارىي ھەم دىنىي مەلۇماتىمۇ خېلى مول ئايال ئىدى. ئۇ سەرۋەنى سەۋر قىلىشقا، قۇرئان ئوقۇشقا، ئاللاھنى كۆپ ئەسلەشكە، بولۇپمۇ بەقەرە سۈرىسىنى كۆپرەك ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾[28].



سەرۋە ئاللاھتىن باشقا ياردەمچى يوقلۇقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى، دوستىنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە ئاللاھقا كۆپ ئىستىغفار ئېيتتى، كېچىلىرى نەپلە ناماز ئوقۇدى،

28) ئىسرا سۈرىسى، 82 - ئايەت.

بالىلىرىنى ياخشى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارغا قۇرئان ئۆگەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ بەردى.



بىر كۈنى ئەتىگەندە ئادىل داستىخان ئۈستىدە بىر مەسىلە ھەققىدە پارىڭلىشىۋېتىپ، ئاچچىقلانغىنىچە سەرۋەنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك سالدى ۋە ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا سەرۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇلارنىڭ قىزىغا تولىمۇ ئىچى ئاغرىدى.



سەرۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان كۈنلەردىمۇ ھەر كۈنى قۇرئان ئوقۇشتىن توختاپ قالمىدى. قۇرئاننى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇيتتى. قۇرئان ئۇنىڭ قەلبىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى.

بىر كۈنى ئۇ قۇرئان ئوقۇۋاتقان چاغدا يوچۇن بىر ئاۋاز ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى بۆلۈپ قويدى. بۇ يوچۇن ئاۋازدىن چۆچۈگەن سەرۋەنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانىدا ھېچكىم يوق

ئىدى. ئۇلار ھەممە ئۆيگە بىر قۇر قاراپ چىققان بولسىمۇ، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئاندىن ھويلىغا چىقىپ قاراپ باقتى ۋە



ھويلىغا ياتقۇزۇلغان خىشلاردىن بىرىنىڭ قوپۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئاۋازنىڭ شۇ يەردىن چىققانلىقىنى پەرەز قىلىپ، خىشنى قومۇرۇپ قاراپ باقتى... خىشنىڭ ئاستىدا ئىما - چىما خەتلەر يېزىلغان بىر قەغەز تۇراتتى. ئەسلىدە ئۇ سېھىر ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىققا ئايلاندۇرۇۋالماڭلار. ئۆيۈڭلاردا بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇڭلار. بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلغان ئۆيدىن شەيتان قاچىدۇ»[29].

ئۇلار مەزكۇر قەغەزنى ئېلىپ، مەھەللىدىكى پەزىلەتلىك بىر شەيخنىڭ يېنىغا باردى. شەيخ ئۇنىڭ سېھىر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئۇلارغا سېھىردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسەتتى ھەمدە قەغەزنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار دەرھال قەغەزنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئادىل تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە خۇشال كەيپىيات بىلەن كىرىپ كەلدى.

29) سۈنەن ئەبى داۋۇد، 2042.

بۇ ئەھۋال ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىنى خۇشال قىلىۋەتتى.



شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە خۇشال ـ خۇراملىق ۋە بەخت ـ سائادەت قايتىپ كەلدى.

قېرىنداشىم! دۇئانىڭ ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ خاسىيىتى نېمىدېگەن گۈزەل ھە!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾[30].

30) غافىر سۈرىسى، 60 ـ ئايەت.

# سەۋرچان قىز

ئالىيە ناھايىتى تەقۋادار، دىيانەتلىك، ياخشى قىز ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشى ئاخىرلىشاتتى. شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئەلى ئۇنىڭ ئۆيىگە توي تەكلىپى قويۇپ كەلدى. ئالىيەمۇ ئوقۇشىنى بىر يىل كېچىكتۈرۈپ، ئەلى بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ قۇتلۇق تويى بولدى.



توي قىلىپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئايالىنىڭ ھامىلدار بولمىغانلىقىدىن خاپا بولغان ئەلى بالا ئارزۇلاپ يەنە بىر ئايال بىلەن ئۆيلىنىشنى قارار قىلدى. ئالىيە يولدىشىغا شۇنچە چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق پايدىسى بولمىغاندىن كېيىن، ناھايىتى قايغۇرۇپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ناھايىتى ساغلام ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىككىيلەن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىپ قېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى.

ئەلى ئۇزۇن ئۆتمەي، راست دېگەندەك باشقا بىر قىز بىلەن ئۆيلىنىۋالدى. ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئايالىنىڭ ھامىلدار

بولغانلىقىنى بىلگەن ئەلى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەلى ئۆزى ئۈچۈن بىر يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى قۇربان قىلىپ، ئۆزى بىلەن توي قىلغان ھەتتا يەنە بىر ئايال بىلەن توي قىلغان چاغدىمۇ جېدەل - ماجىرا قىلمىغان بۇرۇنقى ئايالى ئالىيەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى تالاق قىلىۋەتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئالىيەنىڭ ئانىسى كۈيئوغلىغا بەتدۇئا قىلماقچى بولدى ۋە ئەلىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى ئەسلەتتى:

«مەزلۇمنىڭ دۇئاسى بۇلۇت ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمانلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىززەت سۈپىتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ساڭا بىر مۇددەتتىن كېيىن بولسىمۇ چوقۇم ياردەم بېرىمەن».

ئالىيە شۇنچە قايغۇرغان بولسىمۇ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇپ، يېڭى باشلىنىدىغان ئوقۇش ھاياتىغا تەييارلىنىشقا باشلىدى.



ئالىيە شۇنچە قايغۇرغان بولسىمۇ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن بۇ كۆڭلەرنىڭمۇ ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئانىسىنىڭ يولدىشى ئۈچۈن بەتدۇئا قىلىشىغا يول قويمىدى. ئۇ ناھايىتى سەۋرچان ئىدى. ئانىسىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى ئەسلەتتى:

«ئىماننىڭ ئالاھىدىلىكى: سەۋرچانلىق ۋە ئەپۇچانلىقتۇر».

ئالىيە بۇ جەرياندا ئوقۇشىنى تاماملىۋالدى. ئالىي مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈرۈپ، دىپلوم ئېلىپ

بولغاندىن كېيىن، تولىمۇ ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلدى.



ئاللاھ ئۇلارغا ئىككى پەرزەنت ئاتا قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئۈچىنچى پەرزەنتكىمۇ ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن، تەكشۈرتۈپ بېقىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا باردى. ئويلىمىغان يەردىن دوختۇرخانىدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى.

دوختۇرخانىغا ئالىيەنىڭ بۇرۇنقى يولدىشى ئەلى بىلەن سىڭلىسىمۇ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئالىيەنىڭ ئىككى پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۈچىنچى پەرزەنتكە ھامىلىدار بولۇپ تەكشۈرتۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ ھەيران قالدى. ئەلىنىڭ سىڭلىسى ئالىيەنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، تولىمۇ خۇشال بولدى ۋە ئەلىنىڭ كېيىنكى ئايالىنىڭ تېزلا ھامىلىدار بولغان بولسىمۇ، ئۈچ ئايلىق بولغاندا بالىسى چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي ھامىلىدار بولمىغانلىقىنى سۆزلەپ



بەردى ھەمدە ئاكىسىنىڭ ئالىيەگە قىلىپ قويغان زۇلۇملىرىغا تولىمۇ ئۆكۈنىدىغانلىقىنى، پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەسلىكىنىڭ بىردىنبىر

سەۋەبىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان زۇلۇم دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئالىيە بۇلارنى ئاڭلاپ تولىمۇ قايغۇردى ۋە ئەلىنىڭ ئۆزىگە قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى كەچۈرۈۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ دۇئا قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە (يەنى جىنسلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق مۇسىبەت يەتسە، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ. ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلالماس ئىدىڭلار). (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر زېمىندا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىگە ۋە مەدەتكار يوق﴾[31].

31) شۇرا سۈرىسى، 31 ـ ئايەت.

# قۇرئان سۆيگۈسى



ئەنۋەر ئىسىملىك ياش بىر كۆز دوختۇرى بولۇپ، كەسپىدە پىشقان، ماھىر دوختۇرلاردىن ئىدى. ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۆيلەنمىگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ توي قىلىشتا بىرقانچە شەرتى بولۇپ، مەزكۇر شەرتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولغۇسى ئايالىنىڭ تەقۋادار بولۇشى ئىدى. ئۇ توي قىلىمەن دەپ پۇل يىغىۋاتقان بەش يىلدىن بېرى نالايىق ھېچبىر قىز بىلەن كۆرۈشمىدى.



ئەنۋەر داۋاملىق كېچىلىرى ناماز ئوقۇيتتى، ئاللاھقا سىغىنىپ ئۆزىگە تەقۋادار بىر ئايال نېسىپ قىلىشىنى تىلەيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسىيادىكى مەلۇم بىر دۆلەتكە كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن بارىدىغان مەلۇم بىر داۋالاش ئەترىتى بىلەن

يولغا چىقتى. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەلۇم بىر چېدىرلار رايونىغا كىلىپ ئورۇنلاشتى.

بىر كۈنى بىر يىگىت سىڭلىسىنىڭ كۆزىنى داۋالىتىش ئۈچۈن كەلدى. قىز تولىمۇ جىددىيلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاكىسى ئۇنى ئەنۋەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى. ئەنۋەر تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن، قىزغا قولىنى ئۇزىتىۋىدى، قىز يىغلاپلا كەتتى. دوختۇر قىزنىڭ ئاكىسىدىن ئۇنىڭ نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى سورىدى.



– سىڭلىم ئاغرىق ئازابىدىن ئەمەس، بەلكى كۆز ئوپېراتسىيەسى قىلىنغاندا، ئۆزىنىڭ بىرقانچە سائەت مەست قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە بۇ جەرياندا ئۆمۈر بويى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن قۇرئان ئوقۇش ۋەزىپىسىنى تۈنجى قېتىم ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يىغلاۋاتىدۇ. ئۇ مۇشۇ سەۋەبلىك تاكى تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتى، – دېدى قىزنىڭ ئاكىسى سىڭلىسىنى يىغلىماسلىققا ئۈندىگەچ.

ئەنۋەر قىزنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يېقىن كەلگەندە، قىز ئۇنىڭدىن مۇنداق سورىدى:

– سىز مۇسۇلمانمۇ؟

– ھەئە، مەن مۇسۇلمان.

– ئۇنداقتا، ماڭا راست گەپ قىلىڭ، مېنى مەست قىلماي

تۇرۇپ ئوپېراتسىيە قىلالامسىز؟

ـ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئادەم بۇنىڭغا چىدىيالمايدۇ. بىراق، خاتىرجەم بولۇڭ، بىھوش ۋاقتىڭىز ئالتە سائەتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئان ئوقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرالايسىز.

ئەنۋەر ئۇنىڭ جىددىيچىلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بەزى سوئاللارنى سورىدى:

ـ سىز قۇرئاننى يادقا بىلەمسىز؟ قانچىلىك يادلىدىڭىز؟

ـ ئاللاھقا شۈكرى، قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى يادقا بىلىمەن. قۇرئاننى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تامام قىلىمەن. ئەگەر ئىككى ئىشنى دېمىگەن بولسام، بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلدۇرماي، كېسىلىمگە سەۋر قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. بىرىنچىسى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئاتا ـ ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلىش.



ئەنۋەر قىزنىڭ سۆزلىرىدىن ناھايىتى سۆيۈندى. خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمايلا قالدى. ئۇ ئۆزۈندىن بىرى ئىزدەۋاتقان ئالتۇن تاۋاقنى تېپىۋالغاندەك خۇشاللىققا چۆمدى.

ئوپېراتسىيە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. قىزنىڭ كۆزىدىكى ئاقمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەللىمازا ساقايدى. ئەنۋەر قىزنىڭ ئاكىسىغا:

ـ سىڭلىڭىزنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى نېمىدېگەن

كۈچلۈك ھە! ئۇنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدە ئاللاھقا چەكسىز سۆيگۈسىنى كۆردۈم. مەن سىلەردىن بىر مۇكاپات تەلەپ قىلمەن يەنى ئىشتىن چۈشكەندە، ئۆيۈڭلاردا بىر ئىستاكان قەھۋە ئىچىشنى خالايمەن، ـ دېدى.

قىزنىڭ ئاكىسى ئەنۋەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىق بىلەن ئەنۋەرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. كەچ كىرگەندە ئەنۋەر ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى ھەمدە ئۇلارغا ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:



ـ مەن بەش يىلدىن بېرى تەقۋادار، سالىھ بىر قىز ئىزدەۋاتقان ئىدىم. مانا ئەمدى ئۇنى سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردا تاپتىم. شۇڭا، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. سىلەرنىڭ قانداق تەلىپىڭلار بولسا، ھەممىنى بەجا كەلتۈرىمەن. بۇنداق بىباھا «گۆھەر» ئۈچۈن نېمىلا قىلسام ئەرزىيدۇ.

قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەنۋەرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى ۋە بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا جىددىي تەييارلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ توينى قىلىپ قويدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ

قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز. ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[32].

32) نەھل سۈرىسى، 97 ـ ئايەت.

# قۇرئانغا يوشۇرۇلغان پۇل

مەلۇم بىر ئافرىقا دۆلىتىدىكى دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان يېزىلارنىڭ بىرىدە ئاللاھنىڭ كىتابىنى تولۇق يادلىغان، دىنىي مەلۇماتى يۇقىرى، يەرلىكلەرنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، ئوسمان ئىسىملىك بىر يىگىت مەسچىتنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلەندى. بۇ ئىش ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە مايدەك ياقتى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ھەر دائىم بولۇپمۇ رامىزان كۈنلىرىدە ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، ئۆيلىرىگە نۆۋەت بىلەن ئىفتارغا چاقىرىشاتتى. شۇ قاتاردا ناھايىتى ياخشى بىر ئائىلىگە ئىمامنى ئىفتارغا چاقىرىۋېلىش نۆۋىتى كەلدى. ئىمام شام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى.



ئۇلار ئىمامنى ئىنتايىن ياخشى كۈتۈۋالدى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىمام ئۇلارغا دۇئا قىلىپ قايتىپ كەتتى.

ئايال تاماق ئۈستىلىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ مېھمان كېلىشتىن بۇرۇن خېلى كۆپ مىقداردىكى پۇلنى ئۈستەلدە قويۇپ، ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ھودۇققىنىچە ھەممە يەرنى ئىزدەپ چىقتى. ئەمما، پۇلنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى. يولدىشى

تەراۋىھ نامىزىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايال ئۆنىڭدىن ئۇ پۇللارنى ئالغان ـ ئالمىغانلىقىنى سورىدى. يولدىشىمۇ ئالمىغانلىقىنى دېگەندە، ئايال تېخىمۇ تىت ـ تىت بولدى. ئۇلار بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن:

ـ ئۆيگە ئىمامدىن باشقا ھېچكىم كەلمىگەن تۇرسا، كىم ئالغاندۇ؟ ئىمام ئالغانمىدۇ يا؟ ـ دېيىشتى.

ئۇلار ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ، پۇلنى ئىمامدىن باشقا بىرىنىڭ ئېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە جەزم قىلدى ـ دە، بۇنىڭغا ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. ئەر:

ـ ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۆيۈمگە مېھمانغا چاقىرسام، پۇلنى ئېلىپ كەتكىنى نېمىسى؟ ئىمام دېگەن ھەممە ئادەمگە ياخشى ئۆلگە بولمامدۇ؟ بۇ قانداق بولغىنى؟ ـ دېدى ئاچچىقلاپ.

ئەر ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىق كىشى بولۇپ، ئاچچىقىنى زورىغا باستى. بۇ ئىشنى ئىمامنىڭ يۈزىگە سېلىشتىن خىجىل بولۇپ، ھېچكىمگە تىنمىدى. ئەمما، ئۇ بۇ ئىشنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامال بار ئىمام بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ، يەنە بىر يىلى رامىزانمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ ئائىلىگە يەنە ئىمامنى چاقىرىش نۆۋىتى كەلگەندە، ئەر ئۆتكەن يىلى يوقاپ كەتكەن پۇلنى ئېسىگە ئېلىپ، غەزىپىدە ئاچچىقى كەلدى ـ دە، ئىمامنى چاقىرغۇسى كەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئايالىغا مەسلىھەت سالدى. ئايالى ناھايىتى ياخشى، تەقۋادار ئايال ئىدى. ئۇ يولدىشىغا:

– بەلكى ئىمام ئۇ پۇلنى ئامالسىزلىقتىن ئالغان بولسا كېرەك. توغرا چۈشىنەيلى! – دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەتىسى ئىمامنى چاقىرتۋالدى. ئىمام ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى مۇنداق دېدى:

– بىر يىلدىن بېرى مېنىڭ سىزگە بولغان مۇئامىلەم ئۆزگىرىپ قالدى. بۇنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟

– ھەئە، ھېس قىلدىم، ئەمما بەك ئالدىراش بولغاچقا، بۇ ئىشىنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتە قىلىپ بولالمىدىم، – دېدى ئىمام ساھىبخانىغا سوئال نەزىرىدە قاراپ.



ساھىبخانا كىشى مۇنداق دېدى:

– گەپنى ئوچۇقلا ئېيتاي، سىزمۇ دۇرۇس جاۋاب بېرىڭ. ئۆتكەن يىلى سىز ئۆيىمىزگە ئىفتارغا كەلگەن چېغىڭىزدا، ئايالىم ئۈستەلدە خېلى كۆپ مىقداردا پۇل قويۇپ، ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئىكەن. سىز ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇ پۇلنى ئىزدەپ، ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق. ئۆيگە سىزدىن باشقا ھېچكىم كەلمىگەن ئىدى. راستىنى ئېيتىڭ. ئۇ پۇلنى سىز ئالغانمىدىڭىز؟

ئىمام ناھايىتى تەمكىن ھالدا:

– ھەئە، ئۇ پۇلنى مەن ئالغان ئىدىم، – دېدى.

ساھىبخانىنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ئىمام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— شۇ چاغدا دېرىزە ئوچۇق ئىكەن. سىلەر ئاشخانىدا ئىدىڭلار. تۇيۇقسىز دېرىزىدىن كۈچلۈك شامال كىرىپ، ئۈستەلدىكى پۇللارنى ئۇچۇرۇۋەتتى. پۇللار يەرگە چۈشۈپ، تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلىدى. مەن شۇ ھامان يەردە چېچىلىپ ياتقان پۇللارنى تېرىپ، جەملەپ قويدۇم.

ئىمام شۇنداق دېگىنىچە، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:



— مېنىڭ نېمىشقا يىغلىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ مەن سىزنىڭ مېنى ئوغرى دەپ تۆھمەت قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن يىغلىمىدىم، بەلكى سىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ بىر يىل ئىچىدە قۇرئان ئوقۇپ باقمىغانلىقىڭلارغا ئېچىنىپ يىغلىدىم. ئەگەر بىرەر قېتىم بولسىمۇ قۇرئاننى ئېچىپ، ئوقۇپ باققان بولساڭلار. پۇلۇڭلارنى قۇرئاننىڭ قېتىدىن تاپقان بولاتتىڭلار. مەن سىلەرگە مەسچىتتە قىلغان ھەر قېتىملىق ۋەز - نەسىھەتىمدە پات - پات قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلاتتىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قۇرئان ئوقۇڭلار، ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆزىنى ئوقۇغان كىشىلەرگە شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش

ھەدىسلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتىم ئەمەسمۇ؟!

ساھىبخانا شۇ ھامان قۇرئاننى ئاچتى. قارىسا ھېلىقى پۇللار شۇ پېتى تۇرغان.



شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي، يىغلاپ تۇرۇپ ئىمامدىن ئەپۇ سورىدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قۇرئان كەرىمنى ھەر كۈنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇشقا ۋەدە قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە باشقىلارغا گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى[33] ياقتۇرامدۇ؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[34].

33) غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە تەمسىل.
34) ھۇجۇرات سۈرىسى، 12 ـ ئايەت.

# قىزنىڭ بەرىكىتى

ناھايىتى تەقۋادار، چىرايلىق، ئەخلاقلىق، شادىيە ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى. ئۇ تولىمۇ قانائەتچان ۋە سەۋرچان بولۇپ، شۇنچىۋالا نامراتلىق ئىچىدە، جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قارىماي، ئالىي مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ناھايىتى باي بىر كىشى بارلىق توي چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، توي تەكلىپى قويۇپ كەلدى. نامراتلىق ئىچىدە قىينىلىۋاتقان ئاتا - ئانىسىغا ھېچقانداق توي چىقىمى ئارتىلمايدىغانلىقىنى بىلگەن شادىيە ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئاسانلا ماقۇل بولدى.

توي كۈنى شادىيە ھەشەمەتلىك بىر داچىغا يۆتكەپ كېلىندى. ئۇ بۇ نېمەتكە شۈكۈر قىلىپ، ئاللاھقا كۆپتىن - كۆپ ھەمدۇسانا ئوقۇدى. شادىيە توي قىلىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، يولدىشىنىڭ ئىلگىرى بىرقانچە قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ،

ئوغـۇل تۇغمـىدى دەپ ئاياللىرىنـى تـالاق قىلىۋەتكەنلىكىنـى ئۇقتـى.

بىر كۈنى شادىيە يولدىشىغا مۇنداق دېدى:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىز بالىلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىكـەن: «قىزلارنـى يامـان كۆرمـەڭلار، چۈنكـى ئـۇلار چىقىشـقاق، بىباھا خانىملاردۇر. بىـر كىشـىنىڭ ئىككـى قىـزى بولـۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلسا، ئـۇلار ئـۇ كىشـىنى دوزاختىـن قوغدايدىغان قالقان بولىـدۇ».

بىـراق، بـۇ گۆھـەردەك نەسـىھەتلەرمۇ شـادىيەنىڭ يولدىشـىغا قىلچـە تەسـىر قىلمىـدى. شـۇڭا، شـادىيە ھامىلـدار بولغاندىـن كېيىنمـۇ، ئۆزىدىـن ئەنسىرەشـكە باشـلىدى. ئـۇ ھامىلىنىـڭ قىـز بولـۇپ قېلىشـىدىن ئەنسـىرەپ، تۇغۇتتىـن ئىلگـىرى بىـرەر قېتىممـۇ تەكشـۈرتۈپ باقمىـدى.



كـۈن ئۆتـۈپ، ئـاي ئۆتـۈپ، ئۇنـىڭ تۇغـۇت ۋاقتىمـۇ يېتىـپ كەلـدى ۋە ئۇماققىنـا بىـر قىـز تۇغـدى. بۇنىڭدىـن خـەۋەر تاپقـان ئـەر ئايالىنـى دوختۇرخانىـدىلا تـالاق قىلىـپ، نەرسـە ـ كېرەكلىرىنـى قولىغا تۇتقـۇزۇپ، ئاتـا ـ ئانىسـىنىڭ ئۆيىگـە يولغـا سـېلىپ قويـدى.

بـۇ ئىـش شـادىيەنىڭ بېشـىغا گويـا چاقمـاق چاققانـدەك

تۇيۇلۇپ، بەكمۇ قايغۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئوماققىنا بىر قىزنى نېسىپ قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇپ، كۆپتىن - كۆپ دۇئا قىلدى.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، شادىيەنىڭ ئىددەت ۋاقتىمۇ توشتى.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنىڭ ئۆيىگە توي تەكلىپى قويۇپ كەلدى. ئۇ ئەسلىدە شادىيەنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە تەقۋادارلىقىدىن تولىمۇ تەسىرلەنگەن ئىكەن. دوختۇرخانا باشلىقى شادىيەنىڭ قىزىنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ باقىدىغانلىقىنى ھەمدە بارلىق شەرت - شارائىتلارنى تەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. شادىيە پەقەت بىرلا شەرت بىلەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى يەنى ئۇنىڭدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىنى نامراتلار ۋە يولۇچىلارنىڭ ئاش ئۆيى قىلىپ بېرىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ تامىقىنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلاپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ ئىدى. شادىيە مۇشۇ ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى. دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنىڭ بۇ شەرتىگە دەرھال قوشۇلدى.

ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ، ئاللاھ ئۇلارغا يەنە ئىككى پەرزەنت ئاتا قىلدى. ئون نەچچە يىللاردىن كېيىن، شادىيەنىڭ چوڭ قىزى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ بولغاندا، ئانىسىنىڭ نامراتلارنىڭ تامىقىنى تەييارلىشىغا ياردەملەشكىلى باردى. قىز ئانىسىنىڭ تەسىرىدە نامراتلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئۆزىگە ئەھدە قىلغان ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياشىنىپ قالغان بىر بوۋاي يېمەكلىك

تىلەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئايال ئۇنىڭغا سىنچىلاپ



قاراپ، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆزىنى تالاق قىلىۋەتكەن يولدىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئايال كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟ ئەسلىدە ناھايىتى كاتتا باي ئەمەسمىدىڭىز؟

— شۇنداق، مەن ناھايىتى كاتتا باي ئىدىم. مال - دۇنيا كۆزۈمنى كور قىلدى. ئەينى چاغدا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىم بولغان قىزلىرىم ۋە ئاياللىرىمنى يېنىمدىن قوغلىۋەتكەن ئىدىم، — دېدى ئەر تولىمۇ خىجالەت بىلەن.

— مېنى ئېسىڭىزگە ئالالىدىڭىزمۇ؟ مەن سىزنىڭ قىز تۇغقانلىقىم ئۈچۈن تالاق قىلىۋەتكەن ئايالىڭىز شادىيە بولىمەن. بۇ سىزنىڭ قىزىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئايال قىزىنى كۆرسىتىپ.



ئەر ئۆزىنى تۇتالماي، بولدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئەتىۋارلاپ باققان ئوغۇللىرى ئۇنى داچىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، كوچىغا

تاشلىۋەتكەن ئىكەن.

ــ ھەي ئىست! ماڭا كەلگەن بۇ خورلۇقلار ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش قىز تۇغقان ئاياللارغا قىلغان زۇلۇم ــ زومبۇرلۇقلىرىم تۈپەيلى كەلدى. ساڭا قىلغان ئۇۋالچىلىقلىرىمنى كەچۈرگىن، ــ دېدى بوۋاي يىغلاپ تۇرۇپ.



قىز دادىسىغا تەسەللى بەردى. ئايال ئۇنىڭغا بىر ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇزدى. قىزى يەنە:

ــ بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولىمەن، دادا! خاتىرجەم بولۇڭ، ــ دېدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشىنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامانىنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ). ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾[35].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ رەھمىتىدىن كىشىلەرگە ئاچقان نەرسىنى ھەرگىزمۇ توسۇپ قالغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ رەھمىتىدىن توسقان نەرسىنى ئاللاھ توسقاندىن كېيىن، ھېچ قويۇپ بەرگۈچى بولمايدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن

35) ئەنبىيا سۈرىسى، 47 ـ ئايەت.

ئىش قىلغۇچىدۇر. ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾[36].

36) فاتىر سۈرىسى، 3 - ئايەت.

# كاۋاپ پىشۇرۇشنى بىلمىگەن ئايال

ئىبسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك يىگىت ئەلقەم تەقۋادار بىر قىز بىلەن توي قىلدى. ئەلقەم ئۆزى ناھايىتى ئىبسىل، ياخشى يىگىت بولسىمۇ، بىر قىسىم ناچار دوستلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، نۇرغۇن ئىشلاردا دوستلىرىنى دوراپ ئىش قىلىدىغان بولۇۋالدى.



بىر كۈنى مەلۇم بىر دوستى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىدا ئايالىغا قەتئىي ياردەملەشمەيدىغانلىقىنى، ئەر كىشى دېگەن ئەر كىشىدەك بولۇشى لازىملىقىنى، ئەرنىڭ ئائىلىسىدە ئايالىغا ياردەملىشىشى نومۇس ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى، ئەلقەم شۇ گەپ بىلەن ئائىلە ئىشلىرىدا ئايالىغا قىلچە ياردەملەشمەيدىغان ھەتتا ئايالى بىلەن كۆپ پاراڭلاشمايدىغان، ئادەتتىكى ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئايالىغا ۋارقىرايدىغان بولۇۋالدى.

شۇنداقتىمۇ ئايال ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئېرىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بەردى، ئاتا ـ ئانىسىغا ھال ئېيتمىدى. يولدىشىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئويلاپ، يامان تەرەپلىرى بىلەن

ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى.

بىر كۈنى ئەلقەم دوستلىرىنى زىياپەتكە چاقىردى. قاق سەھەردىلا بىر قوچقارنى ئەكېلىپ بوغۇزلاپ، ئايالىغا كاۋاپ قىلىشنى ئېيتتى. ئايال مۇشۇ كەمگىچە كاۋاپ پىشۇرۇپ باقمىغانلىقىنى دەپ ئۆزرە ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلقەمنىڭ غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇردى ۋە ئايالىنى دەرھال ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە بۇيرۇدى. ئايال شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئەلقەم جاھىللىق بىلەن ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاشلاپ قويدى.



ئەلقەم قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇلارغا:

ـ بۇ يارىماس قىزىڭلار ئۆزۈڭلارغا قالسۇن. مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە كاۋاپ پىشۇرۇشنى بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭغا كاۋاپ پىشۇرۇشنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ كېتەي، ـ دېدى ئەدەپسىزلىك بىلەن.

ـ بولىدۇ، ئىككى ئايدىن كېيىن كېلىڭ، ئوغلۇم! ئۇ چاغقىچە بىز ئۇنىڭغا كاۋاپ پىشۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويايلى. شۇ چاغدا كېلىپ ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، ـ دېدى يىگىتنىڭ قېيىنئاتىسى تەمكىنلىك بىلەن.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى...

ئايال دادىسىنىڭ ئۆيىدە كاۋاپ ۋە باشقا ئېسىل يېمەكلەرنى

پىشۇرۇشنى ئۆگەندى. ئەلقەم ئۆيدە جىندەك يالغۇز ئولتۇرۇپ، سالىھ بىر ئايالنى ئۆيىگە كەتكۈزۈۋەتكەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئايالى تاتلىق گەپ قىلسا، قوپال جاۋاب قايتۇرغانلىقىغا، ۋاپاسىغا جاپا قىلغانلىقىغا تولىمۇ ئۆكۈندى.

شۇ جەرياندا ئۇنىڭ ھېلىقى ئاغىنىسى ئايالىنى قاتتىق ئۇرغانلىقى سەۋەبلىك مەھكىمىدە سوتقا تارتىلدى. بۇنى ئۇققان ئەلقەم ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن خاتا قىلغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

ئەلقەم ئايالىنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئەكېلىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، قېيىنئاتىسى: «ئىككى ئايدىن كېيىن كېلىڭ!» دېگەن بولغاچقا، خىجىل بولۇپ بارالمىدى. ئۇ تولۇق ئىككى ئاي ساقلىشى كېرەك ئىدى. دەل ئىككى ئاي توشقاندا، ئەلقەم ئايالىنى قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى باردى. قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا كاۋاپ پىشۇرۇشنى ۋە باشقا تاماقلارنىمۇ ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويغانلىقىنى دەپ بولغۇچە، ئەلقەم ئالدىراپلا مۇنداق دېدى:



— بۇ ئىككى ئاي ماڭا يۈز يىلدەك ناھايىتى تەستە ئۆتتى. خاپا بولمىسىلا. مەن خاتالىشىپتىكەنمەن. ئايالىمنى ئەكېلىپ قويۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىنلا پۇشايمان قىلىشقا باشلىغان

ئىدىم. شۇنداقتىمۇ، ئىككى ئاي توشقۇچە كېلىشتىن خىجىل بولدۇم. ئۆزۈمنى سەۋر ئارقىلىق جازالىدىم. ئۇنىڭ كاۋاپ پىشۇرۇشنى بىلىشى مۇھىم ئەمەس. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاياللار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاياللىرىڭلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىڭلار، ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر، مەن ئايالىمغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى بولىمەن» دېگەنگە ئوخشاش ھەدىسلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ پۇشايمان قىلدىم.

ھەممەيلەن ئەلقەمىنىڭ ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلىپ، ناھايىتى خۇشال بولۇشتى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا، زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ﴾[37].

37) ئەھزاب سۈرىسى، 71 ـ ئايەت.

# ياۋروپالىق مۇسۇلمان دەۋەتچى

بىر كۈنى ياۋروپالىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىدىن مۇخبىر:

– سىز قانداق مۇسۇلمان بولغان ئىدىڭىز؟ – دەپ سورىدى. ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

– 1993 – يىلى مەن ئائىلەم بىلەن تۈركىيەنىڭ مەلۇم بىر چەت يېزىسىدا ساياھەتتە بولۇپ قالدىم. شەھەر ئىچىدىكى مېھمانخانىلار بەك ئۇزاق ئىدى. يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ بىرىدىن مېھمانخانىنىڭ ئىسمى يېزىلغان كارتوچكىنى كۆرسىتىپ:

– بۇ ئادرېسنى كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟ – دەپ سورىدىم.

– خالىسىڭىز مېنىڭ ئۆيۈمدە قونۇپ قېلىڭ، يېقىن ئەتراپتا مېھمانخانا يوق، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، – دېدى دېھقان چىراي ھېلىقى كىشى.

شۇنداق قىلىپ بىز ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۆيىگە باردۇق. ئۆيگە كىرسەك، ئۆيدە بەش بالا ۋە بوۋاي - مومايلار ئولتۇراتتى. ئۇ بىزگە كەچلىك تاماق ئېلىپ كەلدى. تاماقتىن كېيىن:

– سىز ئائىلىڭىز بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ئۇخلاڭ. مەن بالىلىرىم بىلەن يان تەرەپتىكى ئۆيدە ئۇخلايمەن، – دېدى - دە، بالىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭغا رەھمىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم. ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆيى بىرلا ھۇجرىلىق بولۇپ، ئەتراپقا نەزەر سالسام، ھەممەيلەن بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ، يىغلاپ تاشلىدۇق.

ـ نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭىز؟ بىز ئۆمرىمىزدە بۇنداق ئىشنى ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدۇق، ـ دېدىم ھەيرانلىق بىلەن. ئۇ ئىللىقىنا كۈلۈپ:

ـ ئىسلام بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى مېھمىنىنى ئوبدان كۈتۈۋالسۇن!»[38].

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايالىمغا ئىختىيارسىز ھالدا:

ـ ئىسلام دېگەن مانا مۇشۇنداق بولمامدۇ؟ بىز غەرب دۇنياسىدا ئاڭلىغان ئىسلام بولسا تۆھمەت قىلىنغان، سەتلەشتۈرۈلگەن ئىسلام ئىكەن ئەمەسمۇ! ـ دېدىم ۋە ئارقىدىنلا:

ـ ماڭا ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرۈپ قويامسىز؟ ـ دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى تولۇق ئوقۇپ چىقسىڭىز، ئىسلامنى تولۇق چۈشىنەلەيسىز، ـ دېدى ئۇ سۆيۈملۈك كىشى .

38) سەھىيھۇل بۇخارىي، 6135.

مەن دەرھال كىتابخانىغا بېرىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى سېتىۋالدىم ۋە ئىككى ئاي ئىچىدە تولۇق ئوقۇپ چىقتىم.

شۇنىڭدىن تارتىپ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەسلىدە ئىسلام دىنى دۇنيادا مىسلىسىز مەدەنىيەتكە ئىگە دىن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرى» دەپ شاھادەت ئېيتتىم.

ئەمدىلىكتە مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن بۇ گۈزەل دىنىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن مېنىڭ قولۇمدا مىڭدىن ئارتۇق كىشى مۇسۇلمان بولدى. ھازىر ئىسلامنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىش ئۈچۈن رومىنىيەدە ئىسلام تارقىتىش مەركىزىدىن بىرنى قۇرۇۋاتىمەن. ئىسلام دىنى تارقىتىشتا گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاجايىپ ئۈنۈمى بار ئىكەن. ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ياخشى كۈتۈشتىن ئىبارەت بىرلا گۈزەل ئەخلاق بىلەن تۈركىيەلىك ھېلىقى كىشى مېنىڭ قولۇمدا مۇسۇلمان بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتى. قىيامەتكىچە يەنە قانچىلىك ساۋابلارغا ئېرىشەر ھە!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش،

كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار. ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن ۋە جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ (دىنىغا ياردەم بېرىشكە پۈتۈن ئۈممەتلەر ئىچىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۈشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)، ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (ئاللاھ) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى). ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا يېپىشىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە، نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!﴾[39].

39) ھەج سۈرىسى، 78 ـ ئايەت.

# مەسچىتكە تۇتاشقان ئارغامچا

رەئىفەت تېببىي فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، شەھەر مەركىزىدىكى مەلۇم بىر دوختۇرخانىغا ئۈچ يىللىق پىراكتىكانتلىققا بەلگىلەندى. بۇ جەرياندا ئۇ تاغىسىنىڭ دىيانەتلىك بىر قىزى بىلەن ئۆيلەندى. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شەھەر مەركىزىگە ئۇزاق بىر يېزا دوختۇرخانىسىغا يۆتكىۋېتىلدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى قايغۇردى. بولۇپمۇ ئايالى يېزىغا بىرگە كېتىشكە قوشۇلمىغانلىقتىن، كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولدى.

ئۇ دوستلىرىنىڭ بىرىدىن نېمىشقا بۇنداق بولىدىغانلىقىنى، نېمىشقا ئىشلىرىنىڭ ھېچ ئوڭغا تارتمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، دوستى ئۇنىڭغا:

— چۈنكى، سىز ناماز ئوقۇمايسىز، ئىبادەتلىرىڭىزگە بەك سەل قارايسىز، — دېدى.

رەئىفەت دوستىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئۇنچىۋالا پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزى يالغۇز يېزا دوختۇرخانىسىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇ ئىشقا چۈشكەن تۇنجى ئايدىلا بىمارلارنىڭ بۇ دوختۇرخانىنى تاشلاپ، قوشنا شەھەردىكى دوختۇرخانىلارغا ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ، سەۋەبىنى ئېنىقلاپ يۈرۈپ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى باش دوختۇرنىڭ دوختۇرلۇقنى بىمارلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى كولاپ

ئالىدىغان كەسپكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەن بىمارلاردىن ھەسسىلەپ كۆپ پۇل ئالىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دوختۇرلارنىڭ مۇئامىلىسى بەكمۇ قوپال بولغاچقا، كېسەللەر ئۇلاردىن يامانلاپ باشقا دوختۇرخانىلارغا ئېقىپ كېتىۋاتقان ئىكەن.

دوختۇر رەئفەت بۇ ئەھۋالغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، بىمارلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى ۋە كۆيۈنۈپ داۋالىدى، داۋالاش چىقىملىرىنى ئامال بار ئازايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دوختۇرخانىغا تەرەپ - تەرەپتىن كېسەللەر كېلىشكە باشلىدى. دوختۇر رەئفەت كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈندى.

دوختۇر رەئفەت ئائىلىغا ئۆزىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئېيتتى ھەمدە يېنىغا كېلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئورتاقلىشىپ، بىرگە ياشاشنى ئۆتۈنۈپ مەكتۇپ يازدى. بىراق، ئائىلى يەنە ئۇزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

بىر كۈنى قوشنا يېزىدىن مەلۇم بىر كىشى كېلىپ، قوشنىسىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، مۇمكىن بولسا ئۆيىگە بېرىپ داۋالاپ قويۇشنى ئۆتۈندى. رەئفەت مەزكۇر يېزىغا بارغاندا، يېزىدا ھازىرقى زامانىۋى تەرەققىياتتىن قىلچە ئەسەرمۇ يوق، يوللىرىنىڭمۇ ناھايىتى ئېگىز - پەس ئىكەنلىكىنى كۆردى. بىمارنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئىشىك تۈۋىدىكى يوغان بىر تاشقا ئۇزۇن بىر ئارغامچا باغلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بىر ياتاق ۋە بىر ھامامدىن تەشكىل تاپقان بۇ ئۆيدە ئەما بىر بوۋاي يالغۇز ياشايتتى. دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ،

دورا بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئىشىك ئالدىغا باغلاپ قويۇلغان ئارغامچا ھەققىدە سورىدى:

ــ ئوغلۇم! ــ دېدى بىمار بوۋاي سۆزىنى ئاران تەستە باشلاپ، ــ بۇ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچى ئۆيۈمنىڭ ئىشىك تۈۋىدىن باشلانسا، يەنە بىر ئۇچى مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىغا تۇتىشىدۇ. كۆزۈم كۆرمەيدۇ. مېنى يېتىلەپ ماڭغۇدەك ھېچكىمىم يوق. شۇڭا، مەن بۇ ئارغامچىنى تۇتۇپ ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن مەسچىتكە چىقىمەن. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە شۇ ئارغامچىنى بويلاپ ئۆيۈمگە كېلىۋالىمەن. سىزمۇ بىلىسىز، ئوغلۇم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى»[40]؛ «ھەرقانداق مۇسۇلمان پەرز ناماز ۋاقتى كىرگەندە، تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، نامازنى ئۆلچەملىك ئوقۇسا، چوڭ گۇناھلاردىن باشقا ھەممە گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، بۇ ئىش ھەر ۋاقىت شۇنداق بولىدۇ»[41] دېگەن.

دوختۇر رەئفەت بۇ سۆزلەردىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى ۋە دەرھال ئىستىغپار ئېيتىپ، ئاللاھقا يالۋۇردى. تاھارەت ئېلىپ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى. ئاللاھتىن گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشىنى تىلەپ، كۆپتىن ـ كۆپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بەش ۋاخ نامازنى تاشلىماي ئوقۇشقا، باشقا ئىبادەتلەرگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە بىمارلارغا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ئاللاھ تائالاغا ئەھدە قىلدى.

ئۇ دوختۇرخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايالىغا تېلېفون

40) جامىئۇسسەغىير، 5167.

41) سەھىھۇتتەرغىب، 300.

قىلىپ ئۆزىنىڭ نامازسىز يۈرگەن كۈنلىرىگە قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقىنى ۋە چىن قەلبىدىن تەۋبە قىلغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى سورىدى. ئايالى خۇشال بولۇپ:

ـ سىزگە ئىشىنىمەن. بولىدۇ، مەن ئەتە چۈشتىن كېيىن يېنىڭىزدا بولىمەن، ـ دېدى.


ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر. ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەتتە) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ. بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر). ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلىرىنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى

كۆزنەتتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[42].

42) ھەشر سۈرىسى، 24—18 ـ ئايەتلەر.

# ھادىينىڭ شەيخ دوستى

ھادىي كىچىكىدىن باشلاپلا دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش پۇرسىتىگە كۆپ ئېرىشەلمەي چوڭ بولدى. دادىسى ئىشقا بېرىش ئۈچۈن ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، ناھايىتى كەچ قايتاتتى. بۇ چاغدا ھادىي ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغان بولاتتى. ئۇ دادىسىغا ئەركىلەپ، ئوينىشىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى - يۇ، دادىسىنىڭ بۇنىڭغا ۋاقتى يوق ئىدى. دادىسى ناماز ئوقۇمايدىغان بولغاچقا، باشقا بالىلارنىڭ دادىسىدەك ئۇنى مەسچىتكە بىللە ئېلىپ چىقمايتتى. مەكتەپتە ئوغلى قاتناشقان تۈرلۈك مۇسابىقىلەرگە ياكى ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا قەتئىي بارمايتتى. ھادىي بۇنىڭدىن ناھايىتى پەرىشان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ دائىم غەمكىن يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئانىسى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز بولسىمۇ تەسكىن تېپىپ قالاتتى.



بىر كۈنى ھادىي دادىسىنىڭ ئانىسىغا مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى

ئاڭلاپ، داڭ قېتىپلا تۇرۇپ قالدى:

ــ ئەتە بىز شەھەرگە كۆچۈپ كېتىدىغان بولدۇق. مېنىڭ خىزمىتىم ئۆسۈپتۇ، شەھەرگە يۆتكىلىدىكەنمەن، مائاشىممۇ بىر ھەسسە ئۆسىدىغان بوپتۇ.



تۇيۇقسىز ئاڭلىغان بۇ سۆزلەر ھادىيغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شەھەرگە كۆچتى. ھېچكىمنى تونۇمايدىغان، بىرەر دوستىمۇ يوق، ناتونۇش شەھەرگە كېلىپ قالغان ھادىينىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ قايغۇلار خۇشاللىققا ئايلاندى.

رامىزاننىڭ بىرىنچى كۈنى ئىدى. ھادىي تەقۋادار قوشنىسى سالىھ شەيخ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. شەيخ ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر ھەدىيە بېرىپ:

ــ ئوغلۇم! ئەتە سېنى مەسچىتتە كۈتىمەن، جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇيمىز، ــ دېدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن شەيخ بىلەن ھادىينىڭ مۇناسىۋىتى بارا ـ بارا قويۇقلىشىپ كەتتى. شەيخ ئۇنىڭغا قۇرئان ئۆگەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى، يەنە تېخى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ھادىينىڭ تۇرمۇشىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. قايغۇلىرى خۇشاللىققا ئايلانغان ئىدى. بۇنىڭ تەسىرىدە ھادىي مەكتەپنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندى. مانا ئەمدى ئۇ ھاياتنىڭ باشقىچە تەمىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.



بىر كۈنى ھادىينىڭ دادىسى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، ئائىلىنىڭ غەمگە پېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سورىغاندا:

— ئوغلىمىز ئەتىگەندىن بېرى ھېچنەرسە يېمىدى. ھۇجرىسىغا كىرىپ يىغلاپلا ئولتۇرىدۇ، — دېدى.

دادىسى ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ تېخىچە يىغلاۋاتاتتى. دادىسى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ:

— ئوغلۇم! نېمە بولدى؟ ساۋاقداشلار بىلەن سوقۇشۇپ قالدىڭمۇ ياكى مۇئەللىمىڭ بىر نەرسە دېدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھادىي بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ياق، دادا! ھېچ ئىش بولمىدى. بىراق، قوشنىمىز سالىھ شەيخ ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئۇ ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىدىغۇ! بەرىبىر ئۆلۈپ كېتەتتى. سەن بۇنىڭغا نېمانچىۋالا قايغۇرۇپ كېتىسەن؟ بەلكىم ئۇنىڭ باللىرىمۇ سەنچىلىك يىغلىمىغاندۇ؟ بولدى قايغۇرما، ئوغلۇم! شەيخ

بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن قۇتۇلۇپتۇ. قېنى ئورنۇڭدىن تۇر، تاماق يەيمىز. ئاچلىقتىن ئۆلەيلا دېدىم. بەلكى مەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ بۇنچىلىك قايغۇرۇپ، يىغلاپ ئولتۇرماسسەن ھەقچان، شۇنداقمۇ؟ ـ دېدى دادا.



ھادىي كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، دادىسىغا نارازى بولغان قىياپەتتە قاراپ مۇنداق دېدى:

ـ ياق، دادا!! مەن ئۇنىڭغا قايغۇرماي تۇرالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دائىم قايغۇرىمەن. ئۇ مېنى مەسچىتكە بىللە ئېلىپ چىقاتتى، قۇرئان ۋە باشقا ئىلىملەرنى ئۆگىتىپ قوياتتى، ماڭا ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلاتتى، ئۇ مېنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرەتتى، ماڭا ھەقىقەتەن دادىلىق مېھرى بەرگەن ئىدى. ئاغرىپ قالسام ياكى مەسچىتكە چىقالمىسام، مەندىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. ئۇ مېنىڭ ھەم دادام، ھەم ياخشى دوستۇم ئىدى. ماڭا تولىمۇ كۆيۈنەتتى. بىراق، سەنچۇ؟ سەن مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەرسىز، مەن بىلەن كارىڭ يوق. ناماز ئوقۇدۇڭمۇ، ئوقۇمىدىڭمۇ؟ سوراپمۇ قويمايسەن. سەن ماڭا زادىلا كۆڭۈل بۆلمەيسەن. مېنى مەسچىتكە بىللە ئېلىپ چىقمايسەن. ئۆزۈڭنىڭمۇ ناماز بىلەن كارىڭ يوق، پۇلدىن باشقا غېمىڭ يوق. ناۋادا سەن ئۆلۈپ قالساڭ، مەن ساڭا قانداقمۇ شەيخقا يىغلىغاندەك يىغلىيالايمەن.

ئوغلىنىڭ ئېغىزىدىن گۈلدۈرمامىدەك ياغقان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دادىنىڭ ۋۇجۇدى قاتتىق لەرزىگە كېلىپ، بىردىنلا تىترەك ئولاشتى. ئۇ دەرھال ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ، ئۇزۇن ئويلاندى. ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن خاتالاشقانلىقىنى، ياخشى بىر دادا بولالمىغانلىقىنى ئويلاپ تولىمۇ ئۆكۈندى. ئۇ ھەممەيلەن ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:

- ئېيتقانلىرىڭ توغرا، ئوغلۇم! مەن زادى ياخشى دادا بولالمىدىم. ساڭا قوشنىمىزچىلىك ياخشى قارىيالمىدىم. مانا ئەمدى ھەممىنى بىلىپ يەتتىم. مەن خىزمەت ۋە پۇل - مالنى دەپ سېنى ياخشى تەربىيەلەشكە كۆڭۈل بۆلمەپتىمەن، دادىلىق مېھرى بېرەلمەپتىمەن. ھازىردىن باشلاپ ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋبە قىلدىم. بۇرۇنقى خاتالىقلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرىمەن. ساڭا ئەڭ ياخشى دادا بولۇشقا تىرىشىمەن، ئوغلۇم! بۈگۈندىن كېيىن ئىككىمىز بەش ۋاخ نامازنى مەسچىتتە بىللە ئوقۇيمىز، بىرگە قۇرئان ئوقۇيمىز، دىنىنى ئۆگىنىپ، ياخشى مۇسۇلمان بولىمىز.

دادا ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ، خاتالىقلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ھەقىقىي تەۋبە قىلغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئوغلى خۇشاللىقتىن ئۆزىنى دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ:

- ئەمدى يىغلىمايمەن، دادا! بۈگۈندىن باشلاپ دۇنيادا مەندىن بەختلىك بالا يوق. ۋاپات بولغان قوشنىمىزنىڭ ئورنىغا مېنى تەربىيەلەيدىغان ياخشى بىر دادام بار بولدى ئەمەسمۇ؟! - دېدى.

جايناماز ئۈستىدە قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئانا بۇ تەسىرلىك



مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى ھەمدە يولدىشىنىڭ خاتالىقىنى تونۇغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىپ سەجدىگە باش قويدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، ئىچ ئاغرىتمايدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا، شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾[43].

43) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

# ھەدىنىڭ قۇربانلىقى

ناھايىتى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك، تەقۋادار، شەرىفە ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردىلا بىرقانچە يەردىن ناھايىتى يۈز - ئابرۇيلۇق لايىقلار كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلدى. دادىسى بۇرۇنلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ئانىسىمۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن بەش ياش كىچىك بىر ئىنىسى ۋە ئون ياش كىچىك بىر سىڭلىسى بار ئىدى. شەرىفە ئۇلارنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلەتتى.



شەرىفە ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى تاشلاپ، شەھەردىكى مەلۇم بىر تىجارەت مەركىزىدە ئىشلەشكە باشلىدى. ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سىڭلىسى مەلۇم بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ ئۆيدىن ئايرىلدى. ئىنىسى بولسا مەھەللىدىكى بىر قىز بىلەن توي قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۈچەيلەن بىر ئائىلىدە ئولتۇردى. ئەپسۇسكى، قىزنىڭ ئىنىسى داۋاملىق ئايالىغا چاپان يېپىپ، ھەدىسى بىلەن تولا جېدەللىشىدىغان بولۇۋالدى.

شەرىفە ئىنىسىنى ئەيىبلەپ، ناۋادا ئۆزىگە يەنە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا بۇرۇلسا، ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ:

ــ مەن ئەمەس، بەلكى مۇشۇ كەمگىچە ئەر ئالمىغان سەندەك قېرى قىز ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك، ــ دېدى. بۇ گەپ شەرىفەگە ئىنتايىن ھار كېلىپ:

ــ نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇنداق دېيىشتىن نومۇس قىلساڭچۇ! مېنىڭ ھازىرغىچە نېمىشقا توي قىلمىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ مەن سېنى ياخشى بېقىپ، ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇپ، يارامىلىق ئادەم قىلىمەن دەپ توي قىلمىدىم. ساڭا ۋە سىڭلىڭغا ھەم دادا، ھەم ئانا بولدۇم. ئوقۇش پۇتتۇرۇپ خىزمەتكە چىقىپ تۇرۇپمۇ ئائىلىمىزنىڭ چىقىملىرى بىلەن كارىڭ بولمىدى. يەنە تېخى بىزگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا يامانلىق قىلىپ، بىزنى ئۆيدىن چىقارماقچى بولۇۋاتامسەن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ: «سىلەرگە بىرى ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار. ئەگەر ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرالمىساڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇكاپات بولغۇدەك دەرىجىدە دۇئا قىلىڭلار».

شەرىفە شۇنداق دېگىنىچە، يېشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، كەينىگە ئۆرۈلگەن پېتى ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ يىغلاۋېتىپ تۇيۇقسىز ئۆزۈن يىللار ئىلگىرى ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن بىر يىگىتنىڭ سۈرىتىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئەينى چاغدا يىگىت شەرىفەنى توي قىلىشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن ئارىغا سالمىغان

ئادەم قالمىغان ئىدى. ئۇ سۆزەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپلا ئىنىسىغا مۇنداق دېدى:

ـ بۇ سۆزەتكە قارا! بۇ يىگىت ھازىر شەھىرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ كارخانىچىغا ئايلاندى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ماڭا توي تەكلىپى قويغاندا، مەن ھەرقايسىڭنى دەپ رەت قىلغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە سېنىڭ مېنى بۇنداق ئەيىبلەپ كېتىشىڭنى قەتئىي ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.



ھەدىسىنىڭ سۆزلىرى ئىنىسىنىڭ قېتىپ كەتكەن قەلبىنى ئېرىتتى بولغاي، يىغلاپ تۇرۇپ سىڭلىسى ۋە ھەدىسىدىن كەچۈرۈم سورىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھەدىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن ئائىلىدە ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا بىر ئۆمۈر ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا ۋەدە قىلدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئىنىسى شەرىفەنى ۋە سىڭلىسىنى ئائىلە بويىچە زىياپەتكە چاقىردى. داستىخانغا چىرايلىق گۈللەرنى ۋە تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋىلەرنى تىزدى. ئايالىغا خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئىنتايىن ئەزىز بىر مېھمان كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاخىر كۈتكەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى. شەرىفەنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم توي تەكلىپى قويۇپ، قايىل قىلالمىغان يىگىت تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. ئۇ تا

ھازىرغىچە تـوي قىلمىغان بولـۇپ، شـەرىفەنىڭ تـوي تەكلىپىنـى قوبـۇل قىلىشـنى كۆتـۈپ، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ياشاپ كەلگـەن ئـىدى.



يىگىــت شــەرىفەگە قايتا تـوي تەكلىپى قويدى. قىــز ئاللاھقــا ھەمدۇســانا ئوقـۇپ، ئۇنــىڭ بىلــەن تــوي قىلىشــقا قوشـۇلدى ۋە ئۆزىنـى ئۇنـىڭ بىلـەن قايتىدىـن ئۇچراشـتۇرغان ئىنىسـىغا كـۆپ تەشـەككۈر بىلـدۈردى.

ئالــلاھ تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ئىنســان پەقــەت ئۆزىنىــڭ ئىشــلىگەن ئىشــىنىڭ نەتىجىســىنى كۆرىــدۇ. ئۇنىــڭ قىلغــان ئىشــى كەلگۈســىدە كۆرۈلىــدۇ (يەنــى ئۇنىــڭ ئەمەلــى قىيامــەت كۈنــى ئۇنىڭغــا تونۇشــتۇرۇلىدۇ). ئانــدىــن ئۇنىڭغــا تولـۇق مۇكاپــات (ياكــى) تولـۇق جــازا بېرىلىــدۇ. ھەممىنىــڭ ئاخىــر بارىدىغــان جايــى پەرۋەردىگارىڭنىــڭ دەرگاھىــدۇر. ئالــلاھ ئىنســاننى كۈلدۈرەلەيــدۇ ۋە يىغلىتالايــدۇ. ئالــلاھ ئۆلتۈرۈشــكە ۋە تىرىلدۈرۈشــكە قادىــردۇر﴾[44].

44) نەجم سۈرىسى، 44 ـ ئايەت.

# ئاچچىقىڭىز كەلگەندە مۇنداق قىلىڭ

پەزىلەتلىك بىر ئايال مۇنداق دەيدۇ:

بىز يېڭى توي قىلغان كۈنلەردە يولدىشىم بىلەن پات - پات جېدەللىشىپ قالاتتۇق. ئارىمىزدا ھەر قېتىم جېدەل - ماجىرا باشلانغاندا، يولدىشىم ئاچچىقى يېنىپ بولغۇچە ئۆيىنى تاشلاپ، بىنا ئالدىغا چىقىپ ئولتۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، خاتالىق مەندە بولغان تەقدىردىمۇ، مەندىن ئەپۇ سورايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ھەر قېتىم ئاچچىقلىنىپ قالغاندا سىرتقا چىقىپ كېتىپ، يەنە ئۆزرە ئېيتىپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدىم:

- بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ سىز ھەر قېتىم ئاچچىقلىنىپ سىرتقا ماڭغاندا، مەن ئاللاھقا يالۋۇرۇپ ئىستىغفار ئېيتىشقا باشلايمەن. تاكى سىز ئۆزرە ئېيتىپ، رازىلىق سوراپ يېنىمغا كىرگۈچە ئىستىغپار ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرىمەن.

ئىككىمىز توي قىلىپ، ئون يىلدىن كېيىن يەنى مەن ئوتتۇز ياشقا كىرگەن يىلى يولدىشىم ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز جەمئىي تۆت بالام بىلەن تۇل قالدىم. بۇنىڭغا كۆپ يىغلىدىم. دۇنيا ماڭا قاراڭغۇ زىنداندەك بولدى. بالىلىرىم تېخى

كىچىك ئىدى... دادامدىن قالغان ئازراق پۇل ـ پىچەكتىن باشقا ھېچقانداق تۇرمۇش كاپالىتىمىز يوق ئىدى. بالىلارنىڭ خىراجىتىنى شۇ پۇلدىن قامداپ كېلىۋاتاتتىم.

بىر كۈنى ھۇجرامدا يىغلاپ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز ئىستىغپارنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى ئويلاپ قالدىم. يولدىشىمنىڭ ھەر قېتىم ئاچچىقلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىستىغپارنىڭ كۈچى بىلەن قايتىپ كېلىپ مەندىن ئەپۇ سورىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىستىغپارنى كۆپ ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ تائالا چىقىش يولى بېرىدۇ، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئېسىمگە ئالدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ كۆپ ئىستىغپار ئوقۇيدىغان بولدۇم، بالىلىرىمنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدۇم.

شۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، تۇيۇقسىز بىر خۇش خەۋەر كەلدى. بىزنىڭ كونا بىر تاشلاندۇق ئۆي ـ مۈلكىمىز بار ئىدى. شەھەر قۇرۇلۇشىغا توغرا كېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نەچچە مىليون پۇلغا ئىگە بولدۇق. چوڭ ئوغلۇم قۇرئاننى يادلاپ قارىي بولۇپ، مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئائىلىمىزمۇ بەرىكەتكە تولدى. ھەممىمىز خۇشال ـ خۇراملىققا چۆمدۇق. بالىلىرىممۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم بولدى. پۈتۈن غەم ـ قايغۇدىن قۇتۇلدۇق. مەن ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايالدەك ھېس قىلدىم.

شۇنداق، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىستىغپارنىڭ كارامىتى ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىلا

بولىدىكەنسەن، (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپلا تۇرىدىكەن، ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾[45].

مانا ئەمدى تونۇش ـ بىلىشلىرىمگە شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ:

ئەي باللىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار!

ئەي تۇللۇقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغانلار!

ئەي دەرد ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇدىن يىراق بولۇشنى خالايدىغانلار!

ئەي زۇلۇمدىن دۇنيا تار كەلگەنلەر!

ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ ياردىمىڭلاردا بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئىستىغپار ھەرگىزمۇ بىكارغا كەتمەيدۇ. دۇنيادا بىزگە كەلگەن كۆپىنچە مۇسىبەتلەر ئۆز گۇناھلىرىمىز سەۋەبلىك بولىدۇ. ئىستىغپارنىڭ خاسىيەتلىك كۈچى بولۇپ، ئاللاھ شۇ ئارقىلىق گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ، بەخت ـ سائادەتكە يول ئاچىدۇ. ئىستىغپار بەخت ـ سائادەتنىڭ ھەقىقىي ئاچقۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن، خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن.كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ

45) ئەنفال سۈرىسى، 33 ـ ئايەت.

ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ).
جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى ۋە ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىيدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن ۋە ھايۋاندىن) چىقىرىسەن، ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن﴾[46].

46) ئال ئىمران سۈرىسى، 26ـ 27 ـ ئايەتلەر.

HAK

HAKSEVER

ھەقسۆيەر